*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئاممۇۋى ـ سىياسىي گېزىتى

**Общественно - политическая газета**
**Общественного объединения уйгуров**
**“Иттипак” Кыргызской Республики**

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 6 (896), июнь, 2022 г.

2022ـ يىل، سەپەر 6ـ سان (896)

**-Газета издается с марта 1994 года**

## В НОМЕРЕ:



*Поздравляем с почетным званием*
*стр-3*



*Нури Түркәлни рәислик лавазими билән тәбрикләймиз*
*6-бәт*



*Абдумежит Қари һаҗимни әсләймиз*
*9-бәт*



زۇنۇن قادىرىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا
110 يىل
11 ـ بەت



*Чемпион Азии по вольной борьбе*
*16-бәт*

## *1-июнь -балдарды коргоонун Эл аралик Күнү*

## 1 ـ ئىيۇن ـ خەلقئارالىق بالىلارنى ھىمايە قىلىش كۈنى

## *1 июня -Международный День защиты детей*





1-июнда, балдарды коргоонун Эл аралык Күнүнө карата Бишкекте салтанаттуу иш-чаралар өттү.

Майрам «Наристе» II Эл аралык балдардын фольклордук фестивалынын алкагында уюштурулган параддык жүрүш менен башталды. Ага өлкөнүн бардык аймактарынан жана чет өлкөлөрдөн келишкен 3 миңден ашык бала катышты.

Андан соң Кыргыз Республикасынын Президенти Садыр Жапаровдун катышуусунда «Наристе» фольклордук фестивалынын салтанаттуу ачылышы болду.

Мамлекет башчысы өз сөзүндө балдарды бүгүнкү майрамы жана балдардын чыгармачылык жолунда маанилүү кадамы боло турган фестивалдын башталышы менен куттуктады.

Президент комузчулар ансамблинин өнөрүн угуп, көркөм сүрөт жана сүрөт көргөзмөсү менен таанышты, борбор калаанын Эмен багындагы көргөзмө аянтчаларында болду, анда балдардын чыгармачыл жамааттарынын эмгектери коюлган.

Билим берүү жана илим министри Алмазбек Бейшеналиев мамлекет башчыга бардык аянтчалар, анын ичинде балдардын робототехника, программалоо жана башкалар боюнча жетишкендиктери тууралуу айтып берди.

Андан соң, Президент Садыр Жапаров өлкөнүн бардык аймактарынан билим, чыгармачылык, спорт жана башка тармактарда жогорку жетишкендиктерге ээ болгон таланттуу мектеп окуучулары менен баарлашты.

Иш-чара 500 бийчинин катышуусунда «Кара жорго» бийин аткарган флешмоб менен аяктады.

«Президент» сайты

1 ـ ئىيۇن كۈنى بىشكەك شەھىرىدە خەلقئارالىق بالىلارنى ھىمايە قىلىش كۈنىگە قارىتىلغان تەنتەنىلىك مەرىكە بولۇپ ئۆتتى.

بايرام «نارىستې» II خەلقئارالىق بالىلارنىڭ فولكلورلۇق فېستىۋالى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان پاراد يۈرۈشى بىلەن باشلاندى. بۇ بايرام مەرىكىسىگە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر خىل رايونلىرىدىن ۋە باشقا چەت ئەل مەملىكەتلىرىدىن بولۇپ 3000 دىن ئوشۇق بالىلار قاتناشتى. پارادتىن كېيىن قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋنىڭ قاتنىششىدا «نارىستې» فولكلورلۇق فېستىۋالىنىڭ رەسمىي ئېچىلىشى بولدى. مەملىكەت باشچىسى ئۆز نۇتقىدا بالىلارنى موشۇ چوڭ مەنىلىك كۈن بىلەن ۋە بالىلارنىڭ ئىجادىيەت يولىدا مۇھىم قەدەم بولىدىغان فېستىۋالنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەبرىكلىدى.

پرېزىدېنت قومۇزچىلار ئانسابلىنىڭ سازىنى ئاڭلاپ، سەنئەت كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلدى، بىشكەك شەھىرىنىڭ ئېمەن بېغىدىكى بالىلار ئىجادىي كوللېكتىۋلىرىنىڭ مەيدانچىلىرىنى زىيارەت قىلدى.

مائارىپ ۋە پەن مىنىستىرى ئالمازبېك بېيشېنالىېۋ دۆلەت باشچىسىغا بارلىق ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمە مەيدانچىلار، شۇلارنىڭ ئىچىدە بالىلارنىڭ روبوتوتېخنىكا، پروگراممىلاش ۋە باشقا ساھالاردا يېتىشكەن ئۇتۇقلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

كېيىن، پرېزىدېنت سادىر جاپاروۋ مەملىكىتىمىزنىڭ بارلىق ۋىلايەتلىرىدىن بىلىم، ئىجادىيەت، سپورت ۋە باشقا ساھالار بويىچە چوڭ ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

بۇ بايرام مەرىكىسى 500 ئۇسسۇلچىلارنىڭ قاتنىششىدا «قارا جورغو» ئۇسسۇلنى ئورۇنلىغان فلېشموب بىلەن ئاياقلاشتى.

«پرېزىدېنت تور بېكىتى»

*1 июня, в г. Бишкек состоялись торжественные мероприятия по случаю Международного Дня защиты детей.*

*Празднование стартовало с парадного шествия, организованного в рамках II Международного детского фольклорного фестиваля «Наристе». В нем приняли участие более 3000 детей из всех регионов страны и зарубежных стран.*

*Далее состоялось торжественное открытие фольклорного фестиваля «Наристе» с участием Президента Кыргызской Республики Садыра Жапарова.*

*Глава государства в своей речи поздравил детей с знаменательным днем и началом фестиваля, который станет важным шагом детей на пути к творчеству.*

*Президент послушал выступление ансамбля комузистов, ознакомился с выставкой произведений искусства и картинами, посетил выставочные площадки в Дубовом парке столицы, где были представлены работы детских творческих коллективов.*

*Министр образования и науки Алмазбек Бейшеналиев рассказал Главе государства о всех площадках, в том числе о достижениях детей в робототехнике, программировании и т. д.*

*Затем Президент Садыр Жапаров побеседовал с талантливыми школьниками со всех областей страны, имеющими высокие достижения в учебе, творчестве, спорте и других сферах.*

*Мероприятия завершились флешмобом с участием 500 танцоров, исполнивших «Кара Жорго».*

**«Сайт президента»**

## «ИТТИПАҚ» ҖӘМИЙИТИНИҢ ЖИҒИНИ БОЛУП ӨТТИ



*20-июнь күни Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң идарисида, «Иттипақ» җәмийитиниң жигитбешилири вә активистлириниң қатнишиши билән 2022-жили, 26-майдин 28-майғичә Германияниң Мюнхен шәһиридә өткүзүлгән иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң роһини йәткүзүш жиғини болуп өтти.*

*Жиғинда Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими өз сөзидә 26-майдин 28-майғичә дунияниң 23 дөләтлиридә паалийәт жүргүзиватқан 70 кә йеқин Шәрқий Түркистан аммивий тәшкилатлиридин 200 әтрапида вәкилләр қатнашқанлиғини, 3 күн давамлашқан Шәрқий Түркистан Миллий кеңишидә муһим мәсилиләр бойичә музакириләр елип берилип, Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң 8 маддидин тәркип тапқан хитапнамиси қобул қилинғанлиғини ейтти. У йәнә Дуния уйғур курултейиниң (ДУК) рәиси Долқун Әйса әпәнди мәзкур Кеңәшниң йепилиш мурасимида қилған нутқида бу қетимқи Кеңәшниң Шәрқий Түркистан дәвасидики чоң бир зор бурулуш екәнлигини алаһидә тәкитләп өтти.*

*У сөзиниң ахирида, «Иттипақ» җәмийити буниңдин кейин Дуния уйғур курултейиниң ишпаалийәтлирини хәлқимизгә кәң тәшвиқ қилип, ДУҚни маддий вә мәнивий җәһәттә қоллап – қувәтлишимиз керәклигини алаһидә тәкитлиди.*

*Жиғинда Ново-Покровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрәт Жаһанов, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң муавин рәиси Әкбәрҗан Баудунов, Дуния уйғур курултейиниң Қирғизстан бойичә вәкили Розимуһәммәт Абдулбақиев вә сәясәтшунас Абдурәхим Һапизилар өзлириниң ой-пикирлирини баян қилишти.*

**Зүмрәт Һаким Рози**

## ҚАЗАҚСТАН ВӘКИЛЛИРИ ШӘРҚИЙ ТҮРКИСТАН МИЛЛИЙ КЕҢИШИНИҢ РОҺИНИ ХӘЛИҚҚӘ ЙӘТКҮЗМӘКТӘ



Йеқинда Германияниң Мюнхен шәһиридә өткүзүлгән иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан Миллий кеңиши, пүткүл дуниядики уйғурларниң, шу җүмлидин Қазақстандики уйғурларниңму диққәт мәркизидә болмақта. Бәзи объектив сәвәбләргә көрә, Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң хәвири гәрчә Қазақстандики аммивий әхбарат васитилирида хәвәр қилинмиған болсиму, әмма Қазақстандин Миллий кеңәшкә қатнашқан вәкилләр бу мәмликәттики мумкинчиликләргә тайинип, бу жиғинниң роһини хәлиққә йәткүзүшкә тиришмақта. Бу җәһәттә Дуния уйғур курултейиниң алий мәслиһәтчиси, сәясәтшунас Қәһриман Ғоҗамбәрдиниң иҗтимаий таратқуларда тарқитиливатқан Әхбаратнамә” намлиқ тор журнили муһим рол ойнимақта.

6-июнда йезилған мәзкур “Әхбаратнамә” дики мақалиниң мавзуси “Дуния уйғур курултейиниң рәһбәрлигидики 23 тәшкилатниң саһибханлиғида 2022-жили, 26-28-май күнлири Германияниң Мюнхен шәһиридә мувәппәқийәтлик өткүзүлгән 2-нөвәтлик Шәрқий Түркистан (Уйғуристан) Миллий кеңиши” дәп қоюлған. Мақалә аптори Қәһриман Ғоҗамбәрди мәзкур кеңәш һәққидә йезилған чоң һәҗимлик мақалисини улуқ уйғур мутәппәкүри Йүсүп хас Һаҗибниң «Адаләт вә қанун-асманниң түврүгидур, түврүк қиңғайса асман өрә туралмайду» дегән сөзи билән башлиған.

Икки қисимлиқ бу мақалида иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан Миллий кеңиши һәққидә тәпсилий мәлумат берилгән, ахирида пүткүл уйғурларға мураҗиәт қилип, мундақ дейилгән: “Әзиз вәтәндашлар! Есимиздә болсунки, әнди әң муһими ДУҚ рәһбәрлигидә дунияниң һәрқайси җайлирида паалийәт елип бериватқан уйғур тәшкилатлири, шу җүмлидин Қазақстандики ДУҚ вәкиллири вә уларниң җанкөйәрлири, умумән һәр қандақ бир вәтәнпәрвәр шәхс өзлири туруватқан дөләтләрдики һөкүмәтләргә, сәясий партия вә тәшкилатларға һәмдә беваситә уйғур хәлқигә иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан (Уйғуристан) Миллий кеңишиниң роһини һәмдә хитапнамисиниң маһийитини йәткүзүштә тиришчанлиқ көрситиши керәк. Бу вәтән, милләт алдидики муқәддәс бурчимиздур.”

Йәнә бир тәрәптин, Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллири җай-җайларда болуватқан уйғурларниң нәзир-чирақ, той-төкүн вә башқа жиғилишлириға қатнишип, иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан (Уйғуристан) Миллий кеңишиниң роһини җамаәткә йәткүзмәктә. Йеқинда Қәһриман Ғоҗамбәрди башлиқ бир группа уйғур паалийәтчилири Алмута шәһириниң уйғурлар зич олтурақлашқан Горний Гигант мәһәллисидә вә Алмута вилайитиниң Талғир наһийәсигә қарашлиқ Бесағаш йезисида өткән нәзирләрдә аһалә билән учришип, бу һәқтики учурларни аңлатқан.

Зияритимизни қобул қилған Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкили, иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң қатнашқучиси Рәһим Мәнсуров әпәнди Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң роли вә әһимийити тоғрисида өзлириниң ой-пикирлирини ейтти.

***ОЙҒАН***

**Иттипак**
**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا
**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى
**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئوسمان تۇردىيېۋ
**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا
**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىيېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.
گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋابكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**
ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №457, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# ПОЗДРАВЛЯЕМ!




Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров 7 июня, 2022 года, встретился со спортсменами, которые участвовали на XXIV летних Сурдлимпийских играх в Бразилии.

Глава государства поздравил сурдлимпийцев с успешным выступлением на соревнованиях и отметил важность данной встречи, сказав, что это дань уважения упорному труду и силе духа кыргызстанских спортсменов.

Президент подчеркнул, что каждое дело, которое прославляет Кыргызстан, когда поднимается красный флаг государства, вдохновляет на развитие страны и укрепляет уверенность каждого соотечественника в светлое будущее Кыргызстана. На XXIV летних Сурдлимпийских играх, которые проходили в Бразилии с 1 по 15 мая 2022 года, сборная Кыргызстана завоевала 6 медалей, из которых 2 – серебряные и 4 – бронзовые. Впервые в истории страны кыргызстанские спортсмены в этих соревнования добились такого успешного результата.

В ходе встречи Президент Садыр Жапаров за достижение успехов на XXIV летних Сурдлимпийских играх, значительный вклад в воспитание спортсменов Национальной сурдлимпийской сборной Кыргызской Республики вручил государственные награды Кыргызской Республики, денежные сертификаты и памятные подарки. Среди награжденных был тренер – преподаватель по греко-римской борьбе Специальной детской юношеской спортивной школы олимпийского резерва (СДЮШОР) имени Ратбека Санатбаева Свердловского района г. Бишкек Фархад Ушуров. Президентом Кыргызской Республики Садыром Жапаровым ему было вручено Почетное звание «Заслуженный работник физической культуры Кыргызской Республики».

Фархад Ушуров, 1964 года рождения, окончил в 1988 году Кыргызский Государственный институт физической культуры по специальности тренер-преподаватель физической культуры и спорта; Мастер спорта СССР, Заслуженный тренер КР; старший тренер сборной команды КР по греко-римской борьбе. На тренерской работе с 1988 года.

Фархат Ушуров за время своей спортивно-тренерской деятельности в 1984 году получил звание Мастера спорта СССР; 2002 году ему было присвоено звание «Заслуженный тренер Кыргызской Республики»; также он с 1999 года имеет статус судьи национальной категории по греко- римской борьбе.

За время работы тренером-преподавателем в Специализированной детской-юношеской спортивной школе Олимпийского резерва ДЮСШОР им.Ратбека Санатбаева и в качестве старшего тренера сборной команды Кыргызстана по греко-римской борьбе он проявил себя грамотным специалистом, подготовивший немало чемпионов и призёров чемпионатов Азии, Мира, Олимпийских игр среди юношей и взрослых.

В 2016 году он награждён высокой государственной наградой- Почётной грамоты правительства Кыргызской Республики. Помимо Фархада Ушурова в данной спортивной школе Олимпийского резерва ещё работают тренерами-преподавателями младший брат Фархада Ушурова - Шухрат Ушуров и сын Фархада Ушурова - Рустам Ушуров.

Шухрат Ушуров, 1967 года рождения, Мастер спорта СССР, Заслуженный тренер КР; окончил в 1990 году Кыргызский Государственный институт физической культуры. На тренерской работе с 1998 года. Он работает в клубе тренером-преподавателем. Рустам Ушуров, 1989 года рождения, окончил в 2014 году Кыргызскую Государственную Академию физической культуры. На тренерской работе с 2008 года. Братья Фархад и Шухрат Ушуровы подготовили не мало кандидатов в мастера спорта, спортсменов-мастеров спорта КР., 3 спортсмена: Улан Темирбеков, Руслан Царев и Мурат Рамонов являются мастерами спорта международного класса.

Отрадно видеть то, что среди занимающихся спортсменов данного клуба есть представители разных национальностей: кыргызы, уйгуры, русские, татары и другие национальности, т.е. полный интернационал.

Особенно хочется отметить, что тренеры-преподаватели данного спортивного клуба не только готовят спортсменов-борцов высокого уровня, но и воспитывают спортсменов в духе интернационализма, в духе толерантности друг к другу, и это очень важно для многонационального Кыргызстана.

На сегодняшний день воспитанники этого клуба являются одними из сильнейших конкурентов среди команд по греко-римской борьбе в Кыргызстане.

Только в этом году воспитанники этого спортивного клуба стали чемпионами и призёрами чемпионата Азии по греко-римской борьбе (проходившие в Монголии) и сурдлимпийских игр (Бразилия).

Например, чемпионом Азии по греко-римской борьбе в весовой категории 63 кг стал Шаршенбеков Тынарбек и бронзовым призером этого чемпионата в весовой категории 130 кг стал Ким Роман.

Бронзовыми призёрами Сурдлимпийских игр в весовых категориях 55 кг и 13 кг стали соответственно Джумкадыров Смадияр и Марков Миляс.

*Мы от всей души поздравляем Фархада Ушурова от имени Общества уйгуров «Иттипак»., от читателей газеты «Иттипак» с присвоением ему высокой государственной награды - «Заслуженный работник физической культуры Кыргызской республики», и пожелаем ему и его коллегам-брату Шухрату и сыну Рустама Ушуровым дальнейших спортивных достижений в деле подготовки будущих чемпионов и призёров Азии, Мира и Олимпийских игр.*

**АБДУРАХИМ ХАПИЗОВ.**
***Фото из Интернета***





***10 июня, в Кыргызском Национальном академическом театре оперы и балета им. А. Молдыбаева прошла торжественная церемония вручения медалей им. Чингиза Айтматова.***

***Награды вручены за выдающиеся заслуги в области культуры, просвещения, науки, литературы и искусства, за сближение и взаимообогащение культур наций и народностей, укрепление мира и дружбы, развитие духовных связей между государствами.***

***Всего на мероприятии наградили 60 человек. Вручали награды члены семьи Чингиза Айтматова, среди которых его сестра Роза Айтматова и сын Аскар Айтматов, а также министр культуры Азамат Жаманкулов.***

***Среди награжденных медалями был и Заслуженный художник КР и Заслуженный работник культуры КР Бабаджанов Сабитжан Камалович и Генеральный директор сети ресторанов «Кайнар-Групп» Бабаджанова Рано Исламовна. Мы от всей души поздравляем Сабитжана Бабаджанова и Рано Бабаджанову с врученными наградами и желаем им дальнейших творческих достижений на ниве изобразительного искусства и в сфере финансового благополучия!***

***ОБЩЕСТВО УЙГУРОВ «ИТТИПАК» КР***

## Европа парламенти Хитайниң уйғурларға қиливатқан зулумини «Инсанийәткә қарши җинайәт вә еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи» дәп қарар чиқарди

9-июнь күни, Европа парламенти Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қаритиватқан зулумини «Инсанийәткә қарши җинайәт вә еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи» дәп бекиткән. Мәзкур қарар Европа парламентида наһайити зор көпчилик авазниң қоллиши билән мақуллуқтин өткән болуп, уйғурлар үчүн тарихий вақиәләрниң бири болуп һесаплиниду. Дуния уйғур курултейи бу һәқтики баянатида Европа парламентиниң қарарини һазирғичә Европа парламентида уйғурлар мәсилисидә қобул қилинған әң кәскин вә әң күчлүк қарарларниң бири дәп баһалиди. Дуния уйғур курултейи өз баянатида мундақ дегән: «Дуния уйғур курултейи (WUC) бүгүнки Европа парламентида Хитай һөкүмитиниң Шәрқий Түркистандики уйғур хәлқигә қаритиватқан системилиқ зулуминиң инсанийәткә қарши туруш җинайити вә еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи екәнлигини етирап қилидиған қарарниң мутләқ көп аваз билән мақулланғанлиғини қарши алиду. Европа Иттипақи вә униңға әза дөләтләр БДТ иркий қирғинчилиқ әһдинамисигә асасән, барлиқ зөрүр тәдбирләрни қоллинип, вәһшийликни түгитишкә чақирилған бу қарар уйғур хәлқигә адаләт елип келишкә чақирилған тарихий мураҗиәтнамә болуп һесаплиниду». Мәлум болушичә, Хитайниң уйғурларға қиливатқан зулуми «Инсанийәткә қарши җинайәт вә еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи» дәп қобул қилинған бу қарарда Европа Иттипақи вә униңға әза дөләтләр БДТ ниң «Иркий қирғинчилиқ әһдинамиси» дики мәҗбурийәтлирини ада қилиш, һәм шундақла Хитайниң бу җинайәттә рол ойниған Чен Чуәнго вә Жав Кежи қатарлиқ әмәлдарлирини җазалаш қатарлиқ маддилар орун алған. Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса өзиниң баянатида йеқинда ашкариланған «Шинҗаң сақчи һөҗҗәтлири» ниң Европа парламентиниң уйғур елидики вәзийәтниң тәхирсизлиги вә үнүмлүк һәрикәтниң зөрүрлүгинини һес қилиши үчүн интайин муһим ойғиниш чақириғи болғанлиғини муәййәнләштүргән вә Европа Иттипақи вә униңға әза дөләтләр бу мәркүз қарардики бу чақириқларға әмәл қилиши вә пүтүн күчи билән һөкүмәтләр вә тәшкилатлар билән һәмкарлишип, уйғурларға қаритиливатқан иркий қирғинчиликни ахирлаштуруши керәк» дегән. Дуния уйғур курултейиниң мәзкур баянатида қарарниң қобул қилинишида күч чиқарған барлиқ парламент әзалириға рәхмәт ейтип, уларниң уйғурларниң кишилик һоқуки вә әркинлигини қоғдаш ирадисигә миннәтдарлиқ изһар қилди.

**ИРАДӘ**



Европа парламентиниң рәиси Роберта Метсола

## Европа Иттипақи мәҗбурий әмгәк билән ишләп чиқирилған мәһсулатларни чәкләш һәққидики сода көрсәтмисини мақуллиди

9-июнь күни, Европа парламенти Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қарита «Инсанийәткә қарши җинайәт» җүргүзиватқанлиғи вә «Иркий қирғинчилиқ хәвпи» шәкилләндүрүватқанлиғини җакарлиди. Европа парламенти мәҗбурий әмгәк билән ишләп чиқирилған мәһсулатларниң Европа базириға киришини чәкләш тоғрисида бир йеңи сода көрсәтмисини мақуллиди. Мәзкур сода көрсәтмиси мақуллинишитин бурун, йәни 7-июнь күни Европа Иттипақида «Шинҗаңдики мәҗбурий әмгәк» темисида бир испат аңлаш жиғини ечилған еди. Бу жиғинда уйғур иркий қирғинчилиғи мәсилиси бойичә тонулған тәтқиқатчи Адриян Зенз гуваһлиқ бәргән. Европа парламентида уйғур мәсилиси үчүн изчил күч чиқириватқан парламент әзалири Рафаел Глуксман, Әнгин Әроғлу вә шундақла Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса қатарлиқларму қатнашқан бу жиғинда, тәтқиқатчи Адриян Зенз Хитай һөкүмитиниң уйғурларни кәң көләмлик мәҗбурий әмгәкчиләргә айландуруши вә бу сәяситини йәниму күчәйтип давам қилиш плани һәққидә тәпсилий мәлумат бәргән. Европа Иттипақиниң мәҗбурий әмгәк мәһсулатлирини чәкләш тоғрисидики бу йеңи сода көрсәтмиси, Хитай һөкүмитигә уйғурларға җүргүзүватқан иркий қирғинчилиғи вә мәҗбурий әмгәк сәясити сәвәблик бөлгилик бир иқтисадий зиян пәйда қилишта интайин муһим қәдәмләрниң бири болуп һесаплиниду. Дуния уйғур курултейи бу һәқтики баянатида Европа Иттипақиниң бу йеңи сода көрсәтмисини қарши алған вә буни «Америкида 21-июнь күнидин башлап рәсмий ишқа киришидиған ‹Уйғур мәҗбурий әмгигиниң алдини елиш қануни› билән бирликтә, уйғур мәҗбурий әмгигигә қарши бир туташ һәрикәт қоллиништа интайин муһим әһмийәткә егә,» дәп көрсәткән.

**ИРАДӘ**

## Оттура Асия җумһурийәтлиридики уйғур сәясәтшунаслири Европа парламентиниң қараридин сөйүнди

Мәлумки, Америка башлиқ бир қатар Европа дөләтлириниң Хитайниң уйғурларға қаратқан бастуруш сәяситини “Иркий қирғинчилиқ” вә “Инсанийәткә қарши җинайәт” дәп бекиткәнлиги дунияниң барлиқ җайлиридики уйғурларни зор һаяҗанға салди. 9-июнь күни Европа парламенти мутләқ көп аваз билән Хитайниң уйғур елидики җинайәтлирини “Инсанийәткә қарши җинайәт” вә “Еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи” дәп қарар алди. Шу мунасивәт билән Дуния уйғур курултейи өзиниң тор бетидә “бу қарарниң мақуллиниши Хитайдин һесап сорап, уйғурларға адаләт елип келиш йолидики йәнә бир муһим қәдәм, йәнә бир муһим тарихий чақириқ” дәп баһалиған.

Европа парламентиниң Хитайниң уйғур елидики җинайәтлирини “Инсанийәткә қарши җинайәт” вә “Еғир иркий қирғинчилиқ хәвпи” дәп қарар алғанлиғидин уйғурлар немини күтиду? Хитай һәм бирләшкән дөләтләр тәшкилати бу қарарға қандақ инкас қайтуруши мумкин?

Қазақистанлиқ сәясәтшунас Қәһриман Ғоҗамбәрди Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйсаниң бу вақиәни “тарихий әһмийәткә егә дәвир бөлгүч вақиә”



дәп баһалиғанлиғини толуғи билән қоллайдиғанлиғини билдүрди.

У мундақ деди: “Буниңдин кейин пайдин-пәй қалған дөләтләр мошундақ қарар алиду дәп үмүт қилимән. Бу чоң бир утуқ. Дуниядики әң көп демократик дөләтләр топи Европа Иттипақида. Европа Иттипақидики 27 дөләтниң һәммиси дегидәк әң қудрәтлик сәясий-һәрбий тәшкилат-НАТО ниң әзаси. Шундақ болғачқа, бу мәсилә НАТОдиму салмақлиқ билән оттуриға чиқиду. Бу биз үчүн интайин муһим мәсилә.”

Қәһриман Ғоҗамбәрдиниң пәризичә, буниңдин кейин Европа Иттипақи билән Америка зич йеқинлишип, Хитайға қарита бесимини техиму күчәйтиду. Европа парламентиниң мундақ қарар елиши уйғурларғиму зор үмүтләр бағишлайду. У Дуния уйғур курултейиниң көп жиллардин буян қилған тиришчанлиғи арқисида башқа уйғур тәшкилатлири вә дөләтләрниңму буниңға әгишидиғанлиғиға үмүт қилди.

Қәһриман Ғоҗамбәрди буниң Хитайға нисбәтән қаттиқ зәрбә, Бирләшкән Дөләтләр тәшкилатиға қарита агаһландуруш болидиғанлиғини тәкитләп өтти.

Қирғизстанлиқ сәясәтшунас Абдурәхим Һапизов әпәнди Европа парламентиниң уйғур ели тоғрулуқ алған қарариниң бүгүнки күндә уйғур миллий азатлиқ һәрикитигә чоң илһам берherдиғанлиғини, бу қарарниң дуниядики уйғур дәвасиниң техиму күчийиватқанлиғиниң йәнә бир дәлили екәнлигини оттуриға қоюп, мундақ деди: “Хитай даирилири бүгүнки күндә болуватқан Русийә-Украина уруши мунасивити билән уйғур мәсилиси бир булуңға чүшүп қалиду дегән хам хияллирини көзлигән болуши керәк. Лекин буниңға қаримай, Европа парламенти уйғур мәсилиси бойичә қәтъий қарар қобул қилди. Бу қарар Хитай даирилиригә қаттиқ зәрбә болди. Хитайға қарши туруватқан дөләтләр асасән дегүдәк ғәрбниң демократик дөләтлиридур. Шуниң үчүн Хитайниң дуниядики сахта, алдамчи тәшвиқати мәғлубийәткә учримақта.”

Шундақла, Абдурәхим Һапизов бүгүнки күндә уйғур мәсилисиниң пәқәт Хитайниң ички мәсилиси болмай, униң хәлқара мәсилигә айланғанлиғини, шуниң үчүн Хитайниң амалсиз келип һәр қәдәмдә өзини ақлаш оюни елип беришқа мәҗбур болуватқанлиғини тәкитләп өтти.

Америка башлиқ бир қатар мәмликәтләр билән бирликтә Европа парламентиму Хитайниң уйғурларға иркий қирғинчилиқ вә инсанийәткә қарши җинайәт өткүзүватқанлиғини етирап қилип, Хитайниң әпти бәширисини йәниму ечип бериватиду. Һазир дунияниң һәр қайси дөләтлиридә яшаватқан уйғурларниң әң җиддий көңүл бөливатқан мәсилә - Хитайниң җаза лагерлирида вә түрмилиридә азаб чекиватқан зор сандики уйғур вә башқа йәрлик миллий туткунлирини тез арилиқта қутқузуш болмақта.

**ОЙҒАН**

2022-06-13




12-ئىيۇن كۈنى گېرمانىيەنىڭ بوتتروپ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك ياۋروپا تۈرك مەدنىئا كونفرانسىدا سۆز قىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، پۈتۈن تۈرك ئاخبارات ساھەسىنى ئۇيغۇرلار مەسلىسىگە تېخىمۇ يېقىندىن ئېگە چىقىشقا ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا رەھىمسىزلەرچە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دۇنياغا، جۈملىدىن تۈرك خەلقىغە ئاڭلىتىشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى دەپ بىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلدى.

تۈرك ۋە گېرمان پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسى ئەربابلار، ئاممىۋي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، تۈرك ۋە گېرمان سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى تۈرك كارخانىچىلار، تۈركىيەنىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋە دۈسسەلدورف، ئەسسەن، مۈنستەر قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا تۈرك مەتبۇئاتلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى ۋاكالەتچىلىرىدىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان مەزكۇر يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، ئۆزىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مىللەتنىڭ بىر نەپىرى، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بىر ئانىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن تۈرك ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى يۈرەكتىن سالاملايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا رەھىمسىزلەرچە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى دۇنياغا پاش قىلىشتا بىبك.كنن قاتارلىق خەلقئارالىق مەتبۇئاتلارنىڭ ئىنتايىن موھىم رول ئوينىغانلىقىنى، بۈگۈن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە باشقا 9 پارلامېنت تەرىپىدىن رەسمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنىغانلىقىنى، ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا 27 دۆۋلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 9-ئىيۇن كۈنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان قورقۇنۇشلۇق قىلمىشلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دەپ قارار قوبۇل قىلغانلىقىنى خاتىرلىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، «ناۋادا دۇنيا مەتبۇئاتلىرى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئۇچاغدا بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلق تارىخ سەھنىسىدىن تامامەن يوقۇلۇپ بولغان بولاتتى، تۈرك مەتبۇئاتلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئېگە چىققان خەلقئارالىق مەتبۇئاتلاردىن ئۆلگە ئېلىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسلىسىدە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشى، شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىغا ئېگە چىقىشنى بىر مەجبۇرىيەت دەپ بىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەسلىسىدە غەرب مەتبۇئاتلىرى كۆرسەتكەن سەزگۈرلۈك ۋە تىرىشچانلىقى تۈرك مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئانچە كۆرسۈتۈپ كېتەلمىگەنلىگىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئىپادە قىلغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم، خىتاينىڭ ئەسلى قارا نىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تامامەن قىرىپ يوقۇتۇش ئىكەنلىگىنى، خىتاينىڭ بۇ ياۋۇز نىيىتىنى توسۇپ قىلىشتا مەدنىئانىڭ رولىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىگىنى ئىپادە قىلدى.

DUQ.TV
14.06.2022

ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «ۋول-ستريت ژۇرنىلى» گېزىتىدە 12-ئىيۇن ئېلان قىلىنغان بىر ئوبزوردا، ئەگەر ب د ت ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قالىمەن دىسە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى كېرەكلىگىنى بىلدۈرگەن. مەزكۇر ئوبزوردا ئېيتىلىشىچە، ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت كىشىلىك ھوقۇققا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن.

ئوبزوردا ئۇنىڭ ئۆتكەن ئايدىكى خىتاي زىيارىتىدە خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلغانلىقى، بۇنىڭ ھەيران قالارلىق ئەمەسلىگىنى، چۈنكى بۇرۇن كۇبا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان چىلىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى باچېلېتنىڭ سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرغانلىقى ۋە كۇبا ئىنقىلابىنىڭ مەستانىسى ئىكەنلىگى، كىشىلىك ھوقۇق ئۇنىڭ ئىشى ئەمەسلىگىنى بىلدۈرگەن.

ئوبزوردا تەكىتلىنىشىچە، باچېلېتنىڭ «مەيلى كۇبادا ياكى خىتايدا بولسۇن، زالىملارغا ھېسداشلىق قىلدۇ، دىگەن تەسىرىدىن قېچىش قىيىن بولۇپ، ب د ت ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى كېرەك»، ئېكەن.




ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم بىلەن ئۇيغۇر ھەركىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىم بىرلىكتە «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، مىشېل باچېلېتنىڭ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنىڭ لاگېرلاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە دۇنيا ئۈچۈنمۇ بىر قېتىملىق ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ۋە باچېلېتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم سىناقلاردىن بىرى بولغان بۇ قېتىمقى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە ئۇنىڭ ئۆزى تولىمۇ بىچارىلىك ئىچىدە مەغلۇپ بولغانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان ئىدى.

DUQ.TV
14.06.2022



گېرمانىيەدىكى سىياسىي بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسى نورمان لاۋس 11-ئىيۇن ئېلان قىلغان «رەت قىلىش ھوقۇقى ب د ت نى مەسخىرىگە دۇچار قىلماقتا» ناملىق ماقالىسىدە بايان قىلىشىچە، ھازىرقىدەك مۇستەبىتلەرنىڭ چەكلىمىلىرى، تىزگىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ب د ت نى ئۆزۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلمىغىچە، ئۇيغۇرلار كەبى ياۋۇز ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلۇۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئەمەلگە ئاشمايدىكەن. نۆۋەتتە ب د ت نىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش، جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھېسابلىنىدىكەن.

نورمان لاۋس ماقالىسىنى مۇنداق جۈملە بىلەن باشلايدۇ: «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى، شىنجاڭدىكى ئاتالمىش ئىختىيارىي تەربىيىلەش مەركەزلىرىنىڭ رەھىمسىز پىراكتىكا مەيدانى ۋە جازا لاگېرلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى ۋەيران قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. ب د ت بۇنىڭغا قارىتا ئۆنۈمنى كۆرگىلى بولغىدەك نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ جاۋاب: ھېچنېمە!»

نورمان لاۋسنىڭ قارىشىچە، 1945-يىلى قۇرۇلغان ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، خىتاي، رۇسىيەدىن ئىبارەت 5 دۆلەتنىڭ ئىككىسى، يەنى خىتاي ۋە رۇسىيە مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ”رەت قىلىش ھوقۇقى“ ب د ت نىڭ ھەققانىي قارارلار قوبۇل قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىكەن. ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى بولسا ب د ت نىڭ جازا يۈرگۈزۈش، جازا قارارلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى ھەربىي ئارىلىشىش توغرىسىدا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىدىغان ئالىي ئورگان بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. خىتاي بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت ئىككى مۇستەبىت، تاجاۋۇزچى دۆلەتنىڭ بۇ ئورگاندا بولۇشى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى ب د ت دا ئالىقاچان قۇرۇق شوئارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ ب د ت نىڭ ئوبرازىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە خۇنۈكلەشتۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالغان.

DUQ.TV
14.06.2022



ب د ت كىشىلىك هوقوق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ 13-ئىيۇن كۈنى جەنۋەدە باشلانغان بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقوق كېڭەشنىڭ 50-نۆۋەتلىك يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىن ئەمدى قايتا ۋەزىپە ئېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى جاكارلىشى گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ قىزىق تەمىسىغا ئايلاندى، بۇنۇڭ بىلەن ئۇيغۇرلار مەسلىسى گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ مىشېل باچېلېتنىڭ بۇ قېتىمقى خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى گېرمانىيەنىڭ نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلىرىنىڭ مازاق تېمىسى بولدى.

گېرمانىيەدىكى ئارد تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ خەۋىرىدە بايان قىلىنىشىچە، چىلىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 70 يېشىدا خىتاينىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچى» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» لىرىنى تەكشۈرىمەن دەپ خىتايغا بېرىپ، بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ، بۇ جىنايەتنىڭ باش جاۋابكارى بولغان شى جىنپىڭ بىلەن رەسىمگە چۈشۈپ قايتىپ كەلگەن.

”ئەينەك“ ژۇرنىلىنىڭ تىلىغا ئېلىشىچە، مىشېل باچېلېتنىڭ خىتاي زىيارىتى ئاپەت خاراكتېرلىك ھادىسە بولغان. ئۇ بېيجىڭدا چاقىرىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا قورال بولۇپ بەرگەن.

DUQ.TV
15.06.2022

ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ

ئۇيغۇر ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن «مەغلۇبىيەت» دەپ ئەيىبلەنگەن شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن كېيىن ب د ت نىڭ خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىمۇ ھەرىكەتكە ئۆتكەن. مەلۇم بولۇشىچە، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر 11-ئىيۇن ئۆزىنىڭ 110-قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى خىتايغا ئۆمەك ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسلىسى ئۈستىدىن باھالاش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان.

يىغىندا ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تېخىمۇ يۇقۇرى سەۋىيەدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق بىر تەكشۈرۈش ئۆمىگى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ يىللىق يىغىنى بىر كومىتېتىنىڭ خىتايغا «تېخنىكىلىق مەسلىھەت ھەيئىتى» ئەۋەتىپ، ۋەزىيەت ئۈستىدىن باھالاش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان.

DUQ.TV
16.06.2022

## НУРИ ТҮРКӘЛ АМЕРИКА ХӘЛИҚАРА ДИНИЙ ӘРКИНЛИК КОМИТЕТИТИҢ РӘИСЛИГИГӘ САЙЛАНДИ



2022-жили, 21-июнь күни, Америка хәлиқара диний әркинлик комитети нөвәттә муавин рәислик вәзиписини өтәватқан Нури Түркәл әпәндиниң 21-июндин башлап рәсмий һалда Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң алдимиздики 2022-2023-жиллардики рәислик вәзиписини өтәйдиғанлиғини елан қилди.

Нури Түркәл әпәнди 2020-жили майда АҚШ авам палатисиниң рәиси Ненси Пелоси ханим тәрипидин Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң комиссарлиғиға тәйинләнгән тунҗи уйғур америкилик болуп, у 2021-жили, 15-июнь күни, Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң муавин рәислигигә тәйинләнгән вә 2022-жили майда қайта тәйинләнгән еди. У йәнә "Дәвр" журнили тәрипидин 2020-жиллиқ "Дуниядики тәсири күчлүк 100 шәхс" ниң бири, "Байлиқ" журнили тәрипидин "2021-жиллиқ дуниядики тәсири әң күчлүк 50 рәһбәр" ниң бири болуп баһаланған. Америкиниң Индиана штатиға җайлашқан Ноттердам университетиниң Қанун институтиму 2021-жили, 28-июнь күни, тунҗи қетимлиқ "Ноттердам диний әркинлик мукапати"ни әйни вақиттики сабиқ Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң муавин рәиси Нури Түркәлгә тәқдим қилған еди. Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң рәиси Нури Түркәл әпәнди адвокат, ташқи сәясәт мутәхәссиси, кишилик һоқуқни тәшәббус қилғучи. У уйғур кишилик һоқуқ қурулуши (UHRP) мудирийитиниң рәиси, Гудзон институтиниң алий тәтқиқатчиси, Ташқи мунасивәтләр кеңишиниң әзаси.

**НУРИМАН**
2022-06-22

***Қериндишимиз Нури Түркәлниң Америка хәлиқара диний әркинлик комитетиниң 2022-2023- жиллар җәриянида хизмәт өтәш паалийәтлириниң рәислигигә сайланғанлиғи мунасивити билән чин қәлбимиздин сәмимий тәбрикләймиз!***

***Болупму бүгүнкидәк Ана вәтинимиз Шәрқий Түркистан - Уйғуристанда диний әркинлигимиз боғулуп, мечитлиримиз чеқилип, қуръанлиримиз дәпсәндә болуватқан шараитта, мундақ әһмийәтлик хәлиқара диний әркинлик комитетиниң рәислигигә Нури Түркәл охшаш миллий ғурури үстүн бир уйғур пәрзәндиниң сайлиниши биз, уйғурлар үчүн чоң бир утуқтур.***

***Мубарәк болсун!***

***Пәрзәндимиз Нури Түркәлниң бу мәсъулийәтлик хизмәт орни арқилиқ уйғур мәсилисини илгири сүрүштә салмақлиқ һәссә қошидиғанлиғиға ишәнчимиз камил. Униң иш-паалийәтлиригә чоң утуқларни тиләймиз.***

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***

## Он-лайн учрушуши болуп өтти



26-июнь күни Бишкәк шәһиридә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң әзалири, йәни Дуния уйғурлири қурултейи 7-новәтлик қурултейиниң вәкиллири он-лайн арқилиқ (тор арқилиқ) ДУҚ рәһбәрлириниң ахирқи 2 айдики паалийити тоғрисидики докладлирини аңлиди.

Бу тор арқилиқ учрушушқа Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасими, униң орунбасари Әкбәрҗан Баудунов, «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири Зүмрәт Һаким Рози, «Иттипақ» җәмийити Ақсақаллар кеңишиниң рәиси Музәппәрхан Қурбанов, ДУҚниң Қирғизстандики вәкили Розмәмәт Абдулбақиев, «Иттипақ» гезитиниң баш муһәрририниң орунбасари Абдурәхим Һапизи, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң Аяллар комитетиниң рәиси Турсунай Қасимова, ДУҚниң Қирғизстандики ихтисадий фондиниң рәиси Дилмурат Әкбәров, шундақла вәкилләр Садиқҗан Ниязов, Мәликәм Абдулбақиева, Феруза Мәтмусаева, Пәрһат Ибрагимов, Мадинә Ниязовалар қатнашти. Бу учрушуш достанә, өз арә чүшүнүш роһида өтти.

**ӨЗ МУХБИРИМИЗ**

## Книга о служении Отечеству и о межэтнических отношениях






29 июня 2022 года в конференц-зале Министерства культуры, информации, спорта и молодёжной политики Кыргызской Республики под эгидой Ассамблеи народа Кыргызстана (АНК) состоялась презентация книги видного учёного, академика, государственного и



общественного деятеля Мурзубраимова Бектемира Мурзубраимовича. В книге собранные материалы-статьи, доклады, интервью, выступления Бектемира Мурзубраимова. Бектемир Мурзубраимович в 2011-2021 годах был председателем Совета АНК. За годы его председательствования деятельность АНК по линии межэтнического взаимодействия и согласия поднялась на качественно новый уровень. В приветственной речи на презентации книги нынешний председатель Совета АНК академик Абдугани Эркебаев подчеркнул о важности данной книги в деле укрепления межнациональных отношений и толерантности друг другу в условиях многонационального Кыргызстана. Гости презентации и руководители ряда этнокультурных центров АНК в своих выступлениях выразили тёплые слова в адрес виновника торжества.

**АБДУРАХИМ ХАПИЗОВ.**
**Фото автора**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 15-ئىيۇن كۈنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان 1988-يىلدىكى 15-ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان كەمسىتىش، بېسىم ۋە ئادالەتسىزلىك سىياسىتىنىڭ 34 يىل بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندە كەلگەندە خىتاينىڭ بۇ سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قا ئايلاندۇرغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدىكى مىللىي ھەرىكەتكە باشلامچىلىق قىلغان ۋە قاتناشقان پىداكارلارغا چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى.




مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى مەرھۇم ۋارىسجان ئابابەكرىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن 1987-يىلى قۇرۇلغان «پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ تەشكىللىشى نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدىكى مىڭلىغان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى 1988-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي زۇلۇملىرىغا قارشى كوچىلارغا چىقىپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ قېتىمقى نامايىش 1985-يىلى 12-دېكابىر ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇغۇچىلار نامايىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ھەرىكەت بولۇپ، زاماندا خىتاي ھاكىمىيىتىنى كۆپ ئالاقزادە قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان. نەتىجىدە، مەزكۇر ھەرىكەتنى قوزغىغان «پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، باش كاتىپى ۋارىسجان ئابابەكرى قاتارلىق يېتەكچىلەر ئالىي مەكتەپتىن قوغلانغان، كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار جازالانغان ئىدى.

مەزكۇر ھەرىكەتنى قوزغىغان، ئەينى ۋاقىتتىكى«ستۇدېنتلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى 2017-يىلدىن بۇيان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

DUQ.TV
16.06.2022

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇدىرى ئۆمەر قانات، ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباسلاردىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر ھەيئىتى




22-ئىيۇندىن 23-ئىيۇنغىچە ۋاشىنگتوندا چاقىرىلغان 8-نۆۋەتلىك تىبەت دۇنيا پارلامېنتەرلار بىرلىكىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەرباپلار بىلەن ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا رەھىمسىزلەرچە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

22-ئىيۇن كۈنى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ھەيئىتى مەركۇر يىغىنغا قاتناشقان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى نانكىي پەلوسى خانىم، ھولليۋۇدنىڭ دۇنياغا داڭلىق كىنو چولپىنى رىچارد گەرە، قىسقارتىلغان نامى نەد دەپ ئاتالغان ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ پرېزىدېنتى دامون ماكۆلسون، تىبەت سۈرگۈن پارلامېنتىنىڭ رەئىسى راھىپكاللان كھەنپو سونام ۋە تىبەت سۈرگۈندە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى پەنپا ترەسىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئەرباپلار بىلەن، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئېلىپ باردى.

تىبەت دۇنيا پارلامېنتەرلار بىرلىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىدىكى تىبەت مەسىلىسىنى قوللايدىغان پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ نۆۋەت چاقىرىلغان يىغىندا تىبەت مەسىلىسى بىلەن بىرگە، قانداق قىلىپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توسۇپ قىلىش مەسىلىسىمۇ يىغىننىڭ ئاساسلىق مۇزاكىرە تېمىلىرىنىڭ بىرى بولدى.

DUQ.TV
23.06.2022

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن، قۇرۇلتاي ئاياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زۇمرەتئاي ئەركىن ۋە قۇرۇلتاي ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەركىن زۇنۇنلاردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلتاي ھەيئىتى 16-ئىيۇن كۈنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە مەنسۇپ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ غوللۇق ئەزاسى ئىسمائىل ئەرتۇغ ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتۈپ كەلگەن سەممىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 9-ئىيۇن كۈنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان قورقۇنۇشلۇق قىلمىشلىرىنى " ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى" دەپ قارار قوبۇل قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن ياۋروپا پارلامېنتىغا ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا قايتىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئىسمايىل ئەرتۇغ ئەپەندىم بولسا گېرمانىيە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان ۋە موڭغۇلىستان پارلامېنتلىرى ھەمكارلىق ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا ياۋروپا پارلامېنتى - تۈركىيە ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ قوش




رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ كەلمەكتە، ئىسمايىل ئەرتۇغ ئەپەندىم تۇنجى بولۇپ 2009-يىلى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ئىدى، شۇندىن بۇيان ئۇ ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازى بولۇپ كەلمەكتە.

DUQ.TV
17.06.2022

«ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» 21-ئىيۇندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ بېكىتكەن ماللارنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىدىغان پاختا ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرى ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىكەن.

"مۇھاپىزەتچى" تورىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كىيىم-كېچەك كارخانىلىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىكەن. چۈنكى دۇنيادىكى پاختىنىڭ 20 پىرسەنتى خىتايدىن كېلىدىكەن، خىتايدىكى پاختىنىڭ 80 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىكەن.

داڭلىق كىيىم-كېچەك كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، "شەرقىي تۈركىستان پاختىسى" نىڭ مال تەمىنلەش زەنجىرى ناھايىتى كەڭ ئىكەن. پاختىنى چىگىتتىن ئايرىغان چاغدا ھەر قايسى جايلاردىن كېلىدىغان پاختىلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ئاسان ئايرىغىلى بولمايدىكەن.

شۇنداقتىمۇ ھازىر پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەركىبىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلايدىغان تېخنىكا شىركەتلىرى بۆلەك زەنجىرى (بلوكچائىن) ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىز قوغلاش تېخنىكىسى ئارقىلىق داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مال تەمىنلەش لىنىيەسىنى تەكشۈرەلەيدىكەن.

ترۇس تراكە شىركىتى مەسئۇلىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، داڭلىق ماركىلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا "شەرقىي تۈركىستان پاختىسى" نىڭ ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇ پاختا چىقىدىغان جايىدىن تارتىپ مەھسۇلاتقا ئايلانغۇچە پۈتۈن مال تەمىنلەش لىنىيەسىگە ئائىت سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىكەن.

"ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى" ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان 21-ئىيۇن كۈنى ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نىكولاس بۇرنس (نىچولاس بۇرنس) ياۋروپا، ياپونىيە، كانادا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى 51 شىركەتنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلار بىلەن "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى" ئىجرا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

DUQ.TV
23.06.2022




ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتا ئەزاسى جىم بەنكىس (جىم بانكس) 21-ئىيۇن كۈنى سۆز قىلىپ، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى 118 كۇڭزى ئىنستىتۇتىدىن 104 نىڭ 2022-يىلغىچە تاقالغانلىقى ياكى تاقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاما خىتاي كومپارتىيەسى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ يەنىلا خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنى خىتاي تەھدىتىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرغان.

جىم بەنكىس ئامېرىكادىكى ئەنئەنە فوندى (ھەرىتاگە فوئۇنداتىئون) دا قىلغان سۆزىدە، خىتاينىڭ ئامېرىكا ئالىي مائارىپىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "كۇڭزى ئىنستىتۇتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى. ھازىر 118 كۇڭزى ئىنستىتۇتىدىن 104 ئى تاقالدى، ئاما خىتاي بۇنىڭلىق بىلەن پەيلىدىن يانمىدى، بەلكى كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ پروگراممىلىرىنى باشقىچە ئاتاپ، ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنى قايىل قىلدى. ئامېرىكا تەتقىقاتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، كۇڭزى ئىنستىتۇتى تاقالغاندىن كېيىنمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئالىي مائارىپىغا تەسىرى كۆرسىتىشكە ۋە سىڭىپ كىرىشكە داۋاملىق ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە".

جىم بەنكىس سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىلمۇ خىل چىرايلىق، ئىلمىي ناملار بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئالىي مائارىپىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان.

DUQ.TV
23.06.2022

# ДУҚ ҺӘЙЪИТИ ШВЕЙЦАРИЯ ҺӨКҮМӘТ ХАДИМЛИРИ ВӘ ПАРЛАМЕНТ ӘЗАЛИРИ БИЛӘН УЧРАШТИ

2- Европа Шәрқий Түркистан бирлигиниң рәиси Әскәрҗан, Голландийәдә турушлуқ лагерь шаһитлиридин Қәлбинур Сидиқ вә Өмәрбәк Алий вә Франциядә турушлуқ лагерь шаһити Гүлбаһар Һәйтиважи қатарлиқлар бирликтә Германия Федерацияси парламентидики Кишилик һоқуқ вә инсанпәрвәрлик комитетиниң рәиси Рената Альт ханим башчилиғидики либераллар партиясиниң мәсъуллири билән көрүшти Дуния уйғур курултейиниң бир һәйъәтләр өмиги Швейцариянин пайтәхти Берн шәһиригә берип, 6-айниң 2- күни бир күнлүк зиярәт елип барди. ДУҚ рәиси Долкун Әйса башчилиғидики өмәк Швейцария һөкүмәт хадимлири, ташқи ишлар министирлиги хадимлири вә парламент әзалири билән учрашти.



Долкун Әйса әпәнди бир күн давамлашқан бу қетимки Швейцария зияритиниң мәқсити вә елип барған учришишлар тоғрисида мәлумат бәрди. У, «уйғур ирқий қирғинчилиғи» тоғрисида уйғур коллегияси чиқарған қарарни чүшәндүрүш вә башқа Европа дөләтлиригә охшаш Швейцария һөкүмити вә парламентиниң «уйғур ирқий қирғинчилиғи» ни етирап қилишини тәләп қилиш мәқсити билән бу зиярәтни елип барғанлиғини баян қилди.

ДУҚ рәиси Долкун Әйса әпәнди Швейцариянин ташқи сәясәт вә кишилик һоқуққа мәсъул һөкүмәт хадимлири вә парламент әзалири билән елип берилған учришишта Швейцариянин уйғур қирғинчилиғини етирап қилиши, Швейцария парламентида Уйғур достлуқ групписини қуруш, лагерь шаһитлирини гуваһлиқ бәргүзүш, панаһланғучиларниң мәсилисини һәл қилишқа охшаш бир жүрүш тәләпләрни оттуриға қойғанлиғини, улардин иҗабий жаваб алғанлиғини тәкитлиди.

Бу зиярәт Дуния уйғур курултейиниң һәр қайси дөләтләр, һөкүмәтләр вә парламентларни зиярәт қилиш планиниң даириси бойичә елип берилған болуп, һәйъәт ДУҚ рәһбәрлиридин Долкун Әйса, Зумрәтай Әркин ханим, Дуния уйғур курултейиниң Швейцариядики вәкили Әндили Қарахан әпәнди вә программа хадими Ева Стоккер ханим қатарлиқ 4 кишидин тәркиб тапқан.

**ӘРКИН ТАРИМ**

## ДУҚ.ТВ хәвәрлири

Кувәйтниң сабиқ парламент әзаси Муһәммәд Һайеф Әлмутәйри "уйғур мусулманлири Хитайдин мустәқиллик тәләп қилиши керәк", дегән.




Кувәйтниң сабиқ парламент әзаси Муһәммәд Һайеф Әлмутәйри бу сөзләрни йеқинда Стамбулда өткүзүлгән "Хәлиқара Шәрқий Түркистанни қоллаш" илмий муһакимә жиғинида қилған болуп, у мундақ дегән: "Уйғур мусулманлири Хитайдин мустәқил болушни тәләп қилиши керәк. уйғурлар буни бәк чоң тәләп дәп қариши, дайим бу тәләпни жуқири қоюши керәк. Уйғурлар әнди автономия тәләп қилмай, Шәрқий Түркистанни ишғал қилинған вә булаң-талаң қилинған дөләт, дәп жакарлиши керәк".

"Хәлиқара Шәрқий Түркистанни қоллаш" илмий муһакимә жиғини Стамбулда жайлашқан Шәрқий Түркистан өлималар бирлигиниң уюштуруши билән 10-июндин 12-июнғичә Стамбулда өткүзүлгән еди. Муһакимә жиғиниға 40 дәк дөләттин кәлгән өлималар, парламент әзалири, қануншунаслар, сәясийонлар вә журналистлар болуп, көп санда киши қатнашқан.

Кувәйт сабиқ парламент әзаси Муһәммәд Һайеф Әлмутәйриниң сөзлири әрәб дунияси диққәт қозғиған болуп, мәркизи Вашингтонда жайлашқан "Оттура Шәрқ әхбарат тәтқиқат орни" униң бу сөзлирини өз тор бетидә елан қилған.

DUQ.TV
24.06.2022

Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса әпәндим 22 – июндин 23 – июнғичә Вашинтонда чақирилған 8 – нөвәтлик Тибәт дуния парламентлар бирлигиниң жиғиниға қилған сөзидә, мустәбит Хитай һакимийитиниң Шәрқий Түркистанда уйғурларни асас қилған йәрлик хәлиқләргә жүргүзиватқан ирқий қирғинчилиғи вә инсанийәткә қарши җинайәтлирини тосуп келишниң хәлиқара жамаәтчилигиниң баш тартип болмайдиған мәҗбурийити вә инсаний бурчи екәнлигини алаһидә тәкитләп отти.

Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса Курултай Иҗраийә комитетиниң рәиси вә Уйғур кишилик һоқуқ қурулушиниң мудири Өмәр Қанат, уйғур һәрикитиниң рәиси Рошән Аббаслардин тәркип тапқан Уйғур һәйити 22 – июндин 23 – июнғичә Вашиңтонда чақирилған 8 – нөвәтлик Тибәт дуния парламентлар бирлигиниң жиғиниға қатнишиш җәриянида 20 нәччә дөләттин кәлгән парламент әзалириға уйғурлар мәсилисини аңлитиш пурситигә еришти.




22 – июнь күни Долкун Әйса башчилиғидики уйғур һәйити мәзкур жиғинға қатнашқан Америка дөләт мәҗилисиниң рәиси Ненси Пелоси ханим, Голливудниң дунияға даңлиқ кино чолпини Ричард Гир, қисқартилған нами Нәд дәп аталған Америка демократияни илгири сүрүш фондиниң президенти Дамон Маквилсон, Тибәт сүргүн парламентиниң рәиси Раһпкалан Кһәнпо Сонам вә Тибәт сүргүндә һөкүмитиниң баш министри Пәнпа Трәсиңларни өз ичигә алған көплигән әрбаплар билән, шундақла һәркайси әлләрдин кәлгән парламәнт әзалири билән айрим – айрим учрушуп сөһбәтләрни елип барған.

DUQ.TV
24.06.2022

Америка һөкүмити Америка-Хитай сода мунасивәтләр тарихи вә уйғур мәҗбурий әмгигигә хатимә бериш йолидики зор бурулуш нуктиси дәп қаралған "Уйғур мәҗбури әмгикиниң алдини елиш қануни" ни иҗра қилишта иттипақдашлиримиму һәрикәтләндүрүшкә башлиған.

Америка таможна вә чегара қоғдаш идариси 21-июндин башлап иҗра қилишқа башлиған "уйғур мәҗбурий әмгигиниң алдини елиш қануни" ға асасән, Шәрқий Түркистандин кәлгән мәһсулатларға қарита мәҗбурий әмгәк мәһсулати әмәслигини "еник вә ишәнчилик дәлилләр" билән испатлишини тәләп қилған еди.




Мәлум болушичә, нөвәттә Америка ташқи ишлар министири Энтони Блинкен мәхсус язма баянат елан қилип, "Уйғур мәҗбурий әмгигиниң алдини елиш қануни" ниң рәсмий иҗра қилинишқа башлиғанлиғини, шуниң билән бир вақитта йәнә Америкиниң иттипақдашлиримиму мәҗбурий әмгәк мәһсулатлириға қарши һәрикәтләндүриватқанлиғини билдүргән.

Блинкенниң ейтишичә, Америка ташқи ишлар министирлиги дөләт мәҗилиси вә һәр қайси тармақлар билән һәмкарлишип, Шәрқий Түркистандики мәҗбурий әмгәккә қарши күрәш қилишни, қорқунучлуқ кишилик һоқуқ дәпсәндичилигигә қарши хәлиқаралиқ һәмкарлиқни күчәйтиду. Блинкенниң баянатида Америкиниң қайси иттипақдашлирини вә шериклирини һәрикәтләндүридиғанлиғини тилға алмиған болсиму, лекин уйғур мәҗбурий әмгәк мәсилиси вә йәр шари тәминләш зәнҗирини тазилаш Канада, Австралия, Йеңи Зеландия, Япония, Әнглия, Европа Иттипақи вә униңға әза дөләтләрниң күнтәртивидики мәсилигә айланғанлиғи мәлум. Америка ташқи ишлар министирлиги 22-июнь күни елан қилған баянитиниң ейтишичә, тәминләш зәнҗиридики хирис "Санаәтләшкән дөләт гуруһи" ниң 25-июнь күни Германиядә өткүзүлидиған башлиқлар жиғининиң күнтәртипидикиму муһим мәсилә.

DUQ.TV
24.06.2022

# ХӘЛҚИМИЗНИҢ ИЧИДӘ МӘҢГҮ ӘСТӘ ҚАЛҒАН ИМАМ

*Бисмиллаһир Рахманур Рахим дегән сөз билән башлаймән.*

Хәлкимизниң ичидә өтмүштә көзгә көрүнәрлик, атақлиқ диний алимлиримиз көп өткән. Мана шуларниң бирси мәрһум шейх Абдумежит қари һажим Абдуләзиз қари оғлидур.

Мәрһум шейх Абдумежит қари һажим Абдуләзиз қари оғли һаят вақтида һәр бир қәдәм, һәр бир сөз – нәсийәт, дәвәт, хошаллиқ – қайғулуқ ишлар болсун *Бисмиллаһир Рахманур Рахим* дегән сөз билән башлатти.

Абдумежит Қари һажим улуқ пәйғәмбиримизниң йолини тутуп, қолдин Қуръан-Кәримни чүшәрмәй, һәрбир вариғини вә тәрҗимисини яда билидиған инсанларниң бири еди.

Һәқиқәтән, мәңгү әстә қалған Абдумежит Қари һажимни – бу дуниядин өткән имам, мунәввәр, талантлиқ алимларниң бири десәк хаталашмаймиз.

**Шейх Абдумежит Қари һажим Оттура Асиядә даңлиқ диний вә җамаәт әрбаби болуш сүпити билән нурғун оқуғучилар вә әгәшкүчиләрни қалдуруп кәтти. Қирғизстан мусулманлириниң Мәккигә тавап қилиш йолини ечишқа ярдәм бәргәнлиги үчүн , у Сәуди Әрәбистан падишаһлиғи тәрипидин *ШЕЙХ* унваниға еришкән.**

Шейх Абдумежит Қари һажим кичигидинла оқушқа башлиған, әрәб грамматикиси, Қуръанниң көп қисмини оқуп, Қуръан оқушниң қанунийәтлик усуллирини чоңқур билиш, мәшиқ җәриянида, у бу илимгә болған зеһни вә қизғинлиғи сәвәбидин Қуръанни ядилап, мәнилирини толуқ биләтти.

У илим-пәнни мувәппәқийәтлик үгиниши, һәммигә қадир Алланиң униңға парлақ әқил вә билимләрни һармай-талмай сиңдүрүш ирадисини ата қилған.

Тәқвадар диний алим Абдуләзиз



Қариниң оғли Абдумежит Қари һажим һөрмәткә сазавәр дадисиниң ислам қануни, Қуръан -Кәримни изаһлаш, морфология, грамматикилик, услуб, нутуқ вә тарих һәққидики билимлирини егилиди.

Биргә олтуруп қалса, диний сүрә оқуп, әшуниңға бағлиқ әлниң Қуръан-Кәримниң мәнисини, тәрҗимини дәп чүшәндүрәтти.

Нурғун адәмләрни өзигә җәлип қилип, йенида жиқ адәм жиғилатти. Дәпбәргән дәвәт сөзләр аддий чүшүнүшлүк болатти. Саатлап аңлисақму зерикмәйттуқ.

Абдумежит Қари һажим һаятида һеч қачан қаттиқ яки аччиқлинип гәп қилған адәм әмәс еди. Һәммисигә һөрмәт билән муамилә қилатти. Болупму аяллар, қизларни сизләтти һәттә кичик бовақ болсима сизләш керәк, һөрмәтләш керәк дәйти.

Дин тәрәптинла әмәс, һәр тәрәптин тәрәққий қилған имам, башқа пәнләрдинму хәвири болған.

Қанчилиқ Абдумежит қари чоң дадам тоғурлуқ ейтсақ әрзимәйду. Данишмән, улуқ – диний алимларниң бири десәм хаталашмәймән. Чүнки, һаятиниң, өмүриниң һәммиси дин, Алланиң йолини тутуп, өзи оқуп, башқиларни оқутуп, дин әһкамилирини йетәрлик билидиған шагиртлирини йетиштүрүп чиқти.

*Намаз болса* – бәш пәризниң бирсидур. Абдумежит Қари һажим болса қәйәрдә болмисун, намазни һеч қачан ташлиған адәм әмәсти. Һәтта есимда бар: Өмүриниң ахирқи күнлири, кардиология дохтурханисиға йохлап барсақ, йенида йеқин туққанлири бар екән. Мағдири йоқ ятатти. Намаз вақти келип қалғанда, дәррула орнидин туруп, җайнамазни йейип намаз оқушқа башлиди.

- Сиз ағириватисизғу! – деди һәдиси.

- Яқ, кичикинәм күчкувитимла болса намазни ташлимаймән – деди чоң дадам.

У наһайити сехий инсан еди, униң адаләтсизликкә бәрдашлиқ берәләйдиған батур җүриги бар еди.

*Адәм қанчилик билимлик вә пайдилиқ болушидин қәтъий нәзәр, муддити тошқан адәмдин өлүм айлинип өтмәйдикән.*

Шейх Абдумежит Абдуләзиз Қари һажи 1936-жили СУАР ниң Чапчал районниң Җағистай йезисида туғулған (Шинҗаң-Уйғур автоном райони). Атиси - Абдуләзизахун , мәшһур имам , аниси - Гүлшәмхан Мамрахун Қуръан тәлиматлиридин савақ берәтти. У 11 яшқа киргүчә адәттики мәктәптә оқуған вә шуниң билән бир вақитта ислам динини үгәнгән. 1949-1954-жиллири Ғулҗа шәһиридики Бәйтулла мәдрисисидә оқуған.

1963-жили у Уйғуристандин Қазақстанға көчүп кәлгән (Җамбул районидики дөләт деһқанчилиқ Байқадам намлиқ совхоз,). 1964-жили у Қирғизстанға (Аламедин районининң Лебединовка йезиси) көчүп кәлгән. У механик курсида оқуған.

1964-жилдин 1968-жилиғичә коллектив деһқанчилиқ мәйданиниң қурулуш әтрядида ишлигән. 1968-1969-жиллири у Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиридики төмүр бетон мәһсулатлири заводида ишлигән. 1970-жилдин 1997-жилиғичә Бишкәк шәһириниң Мәркизий мечитиниң имами болуп, бу орунни сақлап кәлгән. Ахирқи икки жил муфтийниң орунбасари болуп ишлигән. Аилиси, рәпиқиси Айшәм һаҗим . Балилири Ярмуһәммәт һаҗи, Үмгүсүм һаҗи, Әзимжан һаҗи, мәрһум Әхмәт Әли қари оғли 1993-жили, 28-июнь күни вапат болди, Сажидәм кәнжә қизиму атисиниң йолини тутуп кәлмәктә.

Шейх Абдумежит Қари һажим 1997-жили, 18-июнь күни вапат болди.

Шейх Абдумежит Қари һажимни уни билгән тониған сәпдашларниң қәлбидә мәңгү яшайду.

***Мәрһум чоң дадамниң ятқан җайи җәннәттә болсун!***

***Зумрәт Һеким Рози,***
«Иттипақ» гезитиниң
баш муһәррири

# ИККИНЧИ НӨВӘТЛИК ШӘРҚИЙ ТҮРКИСТАН МИЛЛИЙ КЕҢИШИ ЖИҒИНИДИН КЕЙИНКИ ОЙ-ПИКИРЛӘР

2022-жили, 26-май - 28-май күнлири Германияниң Мюнхен шәһиридә өткүзүлгән иккинчи нөвәтлик Шәрқий Түркистан Миллий кеңишигә дунияниң 22 дөләтлиридә паалийәт жүргүзиватқан 70 кә йеқин Шәрқий Түркистан аммивий тәшкилатриниң 200 әтрапида вәкиллири қатнашти. Мошу 3 күн давамлашқан Шәрқий Түркистан Миллий кеңишидә муһим мәсилиләр бойичә музакириләр елип берилип, Шәрқий Түркистан Миллий кеңишиниң хитапнамиси қобул қилинди.

8 маддидин тәртип тапқан бу мәзкүр хитапнамида хәлиқаралиқ чоң тәшкилатларниң вә һәрбир дөләтләрниң Шәрқий Түркистан мустәқиллиқ күришидә уйғурларниң йенида туришини вә уларни қоллап-қувәтлишини қәтъий тәләп қилинған. Дуния уйғур қурултейиниң (ДУҚ) рәиси Долкун Әйса әпәнди мәзкүр Кеңәшниң йепилиш мурасимида қилған нутқида бу қетимқи Кеңәшни Шәрқий Түркистан дәвасидики чоң бир зор бурулуш екәнлигини алаһидә тәкитләп өтти. Кеңәшниң йепилиш мурасимида мәзкүр хитапнамини Дуния уйғур қурултейи Қанун комитетиниң рәиси Мәмәт Тохти әпәнди оқуп өтти. У мундақ деди: «Бу қетимқи Миллий кеңәш, Бирләшкән Дөләтләр Тәшкилати Кишилик һоқуқ Алий комиссариниң узундин буян кечиктүрлгән Шәрқий Түркистанда жүргүзиватқан иркий қирғинчилиғини ашкарилиған сақчи һөжжәтлири, дунияға аян болған бир пәйиткә тоғра кәлди. Бу қетимки Миллий кеңәш Шәрқий Түркистан миллий мустәқиллиғиниң, Шәрқий Түркистан дәвасиниң түп нишани екәнлигидәк тәврәнмәс принципи екәнлигини йәнә бир қетим жакарлайду».

Хитай һөкүмитиниң уйғур хәлқигә қаритилған иркий қирғинчилиқ сәясити мәсилиси бойичә Европа парламентиниң қарари муһим әһмийәткә егә вә дунияда уйғур мәсилисиниң нәқәдәр күчийиватқанлиғиниң йәнә бир испатидур.

Биз шуни тәкитлишимиз керәкки, хитай даирилири бүгүнки күндә



болуватқан Россия-Украина уруши мунасивити билән уйғур мәсилиси ахирқи орунларға чүшүп қалиду дегән хам-хиялларни көзлигән болуши керәк, лекин Россия-Украина урушиға қаримай, Европа парламенти уйғур мәсилиси бойичә қәтъий қарар қобул қилди. Бу қарар хитай даирилири үчүн қаттиқ зәрбә болди. Биз бир нәрсини тәкитлишимиз керәкки, уйғур хәлқиниң инсаний, миллий, мәдәний, диний вә урп-адәтлирини дәпсәндә қиливатқан хитай мустәмликичилиригә қарши туруватқан дөләтләрниң асасий қисми бу ғәрбниң демократик дөләтлиридур. Бу дөләтләр сәясий, мәдәний, ихтисадий вә һәрбий жәһәттин дунияға қаттиқ тәсир көрситидиған дөләтләр. Мошу дөләтләр Хитайниң уйғурларға қарита қоллиниватқан иркий қирғинчилиқ сәяситини дунияға паш қилмақта. Шуниң билән Хитайниң дунядики сахта, алдамчилиқ тәшвиқати мағлубийәткә учримақта.

Бүгүнки күндә уйғур мәсилиси Хитайниң ички мәсилиси әмәс, уйғур мәсилиси – хәлиқара мәсилисигә айланмақта.

Биз ойлаймизки, йеқинда уйғур мәсилиси Бирләшкән Милләтләр Тәшкилатиниң Инсан һоқуқлири бойичә әң муһим мәсилиләрниң бири болиду.

Мана мошу мәсилиләр бойичә хитай даирилири чөчиватиду вә тәшвишлиниватиду.

Биз дунияниң һәр қайси дөләтлиридә яшаватқан уйғурлар Хитай һөкүмитиниң бүгүнки күндә ана вәтинимиздә хәлқимизгә қарита жүргүзиватқан зорлуқ-зомбулуқ һәрикәтлирини, хәлқимизниң инсаний, миллий, мәдәний, диний вә урп-адәтлиримизни қаттиқ чәкләш сәяситини дунияға паш қилиши ишида қандақ паалийәтләрни қилишимиз керәк? Дегән найлаж сорақлар пәйда болуватиду. Бирләшкән Милләтләр Тәшкилати әзалиғида бүгүнки күндә 200гә йеқин дөләтләр бар. Бу чоң хәлиқара тәшкилатида һәр хил сәясий системиларға мәнсүп дөләтләр бар.

Бүгүнки күндә ғәрб дөләтлиридә һәр қандақ сәясий паалийәтләр чәкләнмигән. Шуниң үчүн бу дөләтләрдә яшаватқан уйғурлар мошу дөләтләрниң қанунлириға риайә қилип, мошу дөләтләрниң мәтбуат-тәрғибат васитилирида, намайишларни вә башқа сәясий паалийәтләрни өткүзүп, Хитайниң уйғур хәлқигә қарита жүргүзүватқан иркий қирғинчилиқ сәяситини дунияға паш қилмақта.

Һазирқи пәйттә дунядики 40 ошуқ демократик тәрәққий әткән дөләтләр Хитайниң уйғурларға қарита қоллиниватқан вәһший сәяситигә қарши чиқмақта. Әпсуски, бу дөләтләрниң ичидә бирму мусулман дөлити йоқ! Һазирқи күндә ДУҚ мусулман дунияси ичидә Хитайниң уйғурларға қаритилған мудһиш сәяситини паш қилидиған рәсмий фактлар арқилиқ паалийәт елип бармақта.

Әнди, Мәркизий Асиядики түрк дөләтлиригә кәлсәк, бу дөләтләрдә мәтбуат васитилирида уйғур мәсилиси бойичә гәп қилиш чәкләнгән.

Бу дөләтләрдә яшаватқан уйғурлар уйғур дәваси мәсилисидә немә ишләрни вә паалийәтләрни қилиш керәк? Дегән соаллар туғулиду. Мошу регионда яшаватқан уйғурлар мошу дөләтләрниң һөкүмәт қанунлириға бой сунуп, биринчи нөвәттә өзимизниң ана тилимизни, мәдәнийитимизни, урп-адәтлиримизни сақлап келишимиз керәк, гезит вә журналлиримизни көпәрәк чиқиришимиз керәк вә яшлиримизни мумкинчилик бойичә алий оқуш жайлирида оқутуп, вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийилишимиз керәк вә мәдәнийәт мәркәзлиримизни қурушимиз керәк. Мана мошулар арқилиқ биз, Мәркизий Асияда яшаватқан уйғурлар өзимизниң миллий кимлигинимизни сақлап қалалаймиз.

Биз, Ана вәтинимиздин ташқири, Дунияниң һәр хил мәмликәтлиридә яшаватқан уйғурлар бирликтә туруп, уйғур хәлқигә қарита миллий, инсаний, мәдәний, диний һоқуқлирини дәпсәндә қиливатқан Хитай һөкүмитиниң сәяситини дунияға паш қилишимиз керәк.

Мана мошу жәһәттин ДУҚни маддий вә мәнивий жәһәттин қоллап-қуввәтлишимиз керәк.

***АБДУРӘХИМ ҺАПИЗИ,***
ТАРИХЧИ, СӘЯСИЙ ПӘНЛӘРНИҢ МАГИСТРИ.

## ПОЗДРАВЛЯЕМ!

Известный уйгурский мульти - инструменталист, композитор, продюсер, поэт - песенник, руководитель ансамбля «Тарим» - **ПОЛАТ ИЗИМОВ** награжден уникальной Международной премией Most Fashionable in the World-2019 ( Самые популярные, выдающиеся в мире) в номинации Best Composer( лучший композитор)

Премия присуждена от World Beauty Congress( Всемирный конгресс красоты). Суть «Most Fashionable» не просто в выявление лучших, а в особой атмосфере интеграции




профессионалов из различных областей человеческой деятельности, позволяющей обмениваться уникальным опытом и знаниями, обогащать себя и свое дело новыми гранями совершенства.

Поддержку идее и инициативе премии оказывают многие ведущие бизнесмены, медийные личности Европы и Америки, в частности, сам Майкл Нобель, а также голливудские звезды. Церемония награждения премией прошла в Румынии 17 июня 2022 года (церемония награждения премией была отложена дважды из - за карантина во всем мире по Covid - 19), в городе Тимишоаре – городе с особой культурой. Тимишоара имеет почетное звание «Культурная столица Европы – 2021».

**ОБЩЕСТВО УЙГУРОВ «ИТТИПАК» ПОЗДРАВЛЯЕТ ПОЛАТА ИЗИМОВА С НАГРАДОЙ! ЖЕЛАЕТ ЕМУ КРЕПКОГО ЗДОРОВЬЯ, УСПЕХОВ В РАБОТЕ И ВСЕГО САМОГО НАИЛУЧШЕГО!**

**Собкор.**


زۇنۇن قادىرى

زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى زۇنۇن قادىرى 1912 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 30 ـ يىللاردا دراما ئەسەرلەر يېزىش بىلەن باشلىغان. 1944 ـ يىلدىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىتىن كېيىن يازغۇچىنىڭ كۆپ قىرلىق تالانتى ھەر جەھەتتىن يارقىن نامايان بولۇشقا باشلىغان. مۇستەقىللىقتىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن تۈگىمەس كۈچ ـ قۇدرەت ئالغان ئەدىپ شۇ يىللاردىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كارۋان باشلىرىدىن بىرى، ماھىر ژۇرنالىست ـ تەشكىلاتچى سۈپىتىدە ئىلى ۋادىسىدا كەڭ تونۇلغان ئىدى.

1949 ـ يىلى كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار ئېلىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئىستىداتلىق يازغۇچىنىڭ گۈللەۋاتقان ئىجادىيەت چىنارىغا پالتا چېپىلدى. ياللانما ئىجاتكار بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ بىلگەن زۇنۇن قادىرى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى بۇيرۇقىلىرىنى ئېغىر سۈكۈت بىلەن رەت قىلغان ھالدا ئۆمۈر بويى يازغۇچى دېگەن ئۇلۇق نامنى ساپ ساقلاپ قالدى. ئەدەبىياتىمىز غەزنىسىگە «ماغدۇر كەتكەندە»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «رودۇپاي»، «ئىككى بارمىغىم بىلەن»، «چىنىقىش» كەبى ئۆلمەس نەسرىي ئەسەرلىرىنى؛ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «توي» ئوخشاش ئەجايىپ دراما ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. زۇنۇن قادىرى 1989 ـ يىلى 24 ـ سېنتەبىر كۈنى ئالمۇتا شەھىرىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى زاريا ۋوستوكا مەھەللىسىنىڭ زەرەتكالىغىغا دەپنە قىلىنغان.

بۇ يىل يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 110 يىل تولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ «رودۇپاي» ھېكايىسىنى گېزىت ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە ھاۋالە قىلدۇق.

رېداكسىيە

# رودۇپاي

ئاڭلىغان بولسىڭىز، كۆرمىگەنلەر بار، كۆرسىڭىز كۆرمەسكە سالىدىغانلار بار، لېكىن كۆرگەنلەر كۆپ. ئادەملەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىدۇ، لېكىن پالاكەت قانداق سۇرەتلىك نەرسە، ئۇ قەيەردە يۈرىدۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، دېسە «تاڭەي» دەيدىغانلار بار. ئۆزلىرى بولسا، پالاكەتنى ئۈچىسىدا كۆتۈرۈپ بېقىپ يۈرۈپ چوڭ قىلىدۇ، يەنى ئۇنى تونۇمايدۇ، نامىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئاما «پالاكەتكە يولۇقمىسا، ئەجەب رەھەت ئەركىن ياشايدۇ كىشى» ـ دېگەننى ئويلايدۇ.

پالاكەتلەرنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان بىر چۆچەنچە: مەككىنىڭ يولىدا رودۇباي بار، ئۇ پالاكەت ئۇچراپ قالسا، ساڭا چاپلىشىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاجرىماق تەس. رودۇپاينىڭ كۆزىنى چوقۇيدىغان بىر قۇش بار. سەن، ئاشۇ قۇشنى ئۇچراتقۇچە ئۇ كېزەندىنى كۆتۈرۈپ يۈرسەن» دېيىشىدۇ.

مەن ئۇ پېشكەلدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىپ، بىر كۈنى بوۋامدىن:

ـ بوۋا، سەن ھەجگە بارغاندا يولدا رودۇپاي ئۇچرىمىدىمۇ؟ ساڭا چاپلاشمىدىمۇ؟ ئۇ ئادەمگە ئوخشامدىكەن...؟ ـ دەپ سورىدىم.

بوۋام مېنىڭ كەلسە ـ كەلمەس نېمىلەردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرگىنىمگە كۈلدى، كېيىن ئويلىنىپ چۈشەندۈردى.

ـ ماڭا يولدا مەككىنىڭ ناھايىتى كۆپ غېرىپ ـ مىسكىنلىرى يولۇقتى. مەن ئۇلارغا سەدىقە بەردىم. ئۇلار خوشال بولۇپ قېلىشتى. بەزىلەر شۇلارنى سۈرۈشتۈرمەيلا رودۇپاي دەيدىكەن، ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار غېرىپ ـ مىسكىن، ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان كىشىلەر. ھىندىستان بىلەن ماڭغۇچىلارغا راست رودۇپايلار ئۇچراپتۇدەك، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: رودۇپاينىڭ پۇتلىرى تولغىماچ ـ تولغىماچ بولۇپ سۆرۈلۈپ يۈرىدىكەن. ئۆزى قېرىپ كېتىپتۇ، لېكىن كۆزى ھوقۇشنىڭكىدەك؟ يامان ئىكەن. ئاما ياۋاش كۆرۈنۈشكە كىرىۋېلىپ، خەلقتىن ياردەم سورايدىكەن، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىپ يېقىنلاشساڭ چاپلىشىۋالىدىكەن.

ـ ئەمىسە رودۇپاي دېگەن قانداق يەردە يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ سۈرىتى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟

ـ ئۇ ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۈرىدىكەن. ئۆزىمۇ خۇددى ئادەم سۈرىتىدە بولسا كېرەك. ئاما ئۇ ئاچكۆز ۋە تويماس بولىدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئېغىرلىقنى يەلكەڭگە ئارتىپ قويىدىكەندە، ئاستا ـ ئاستا تۇيغۇزماي قېنىڭنى شورايدىكەن. ئۇنى ھاپاشلاپ يۈرىۋېرىپ دارمانسىزلىنىپ يىقىلساڭمۇ، ئۇ گېزەندە ئۇچاڭدىن ھېچ چۈشمەيدىكەن ـ دە.

كىشلەرنىڭ ئەركىن يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئۈچۈن رودۇپاي دېگەن، پالاكەتنىڭ شۇنچە يامان توسالغۇ بولۇشى مېنىڭ غەزىۋىمنى كەلتۈرگەنلىكتىن:

ـ رودۇپايدىن قۇتۇلۇشنىڭ زادى چارىسى يوقمىكەن، بوۋا؟ ـ دېگەندىم.

ـ بار، ـ دېدى بوۋام ۋە رودۇپاينىڭ جاجىسىنى بەرگەن بىر كىشىنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ ۋەقە چوڭ بىر كىتاپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، مەزمۇنىنىلا ئېيتسام، مانا مۇنداق:

ـ سانۇبار دېگەن بىر باتۇر يىگىت گۈليار دېگەن پەرى قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ گۈليارنى ئىزدەپ نەچچە يىل تاغ ـ تاش، چۆل ـ جەزىرىلەرنى پىيادە يۈرۈپ جىق مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ، ئۇ يوللاردا ئاجايىپ ۋە غارايىپ ھادىسىلەرنى ئۇچراتقاندى. ھەممە نەرسىلىرى تەل ـ تۆكۈس بولغان ئاسمان پەلەك ئېسىل بىنالارنى كۆردى، لېكىن ئىگىسىز، بىرمۇ جان يوق. يەنە بىر جايدا ئاجايىپ مەرمەر تاشتىن سېلىنغان زىننەتلىك ساراي ئىچىدە ئالتۇن جابدۇقلار، گۆھەرلىك نەقىشلەر، ئادەمزات كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن تەخت ئۈستىگە غەلىتە ھايۋانلار چىقىپ ئولتۇرۇشۇۋالغان.

يەنە بىر جايدا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن تولغان باغلىق ئىمارەتلەر ئىچىدە نەچچە يەرگە قازان ئېسىلىپ، جاھاندا بارلىق ھەر تۈرلۈك تاماقلار پىشۋاتقان. تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن داستۇرخانلار سېلىنىپ، قاچا ـ قومۇچ جاي ـ جايىدا تىزىلغان، چوڭ توي ھازىرلىغى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ھېچ ئىنسان كۆرۈنمەيدۇ. گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن يەپ يۈرگەن ئاچ يىگىت مۇنداق نازۇ ـ نېمەتلەرنى، مۇنداق ئېسىل تاماقلارنى كۆرگەندە «يا بەخت» دەپتۇ ـ دە، چوڭ ئىشتىھا بىلەن تاماقلارنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ. مانتا يېمەكچى بولۇپ قولنى سۇنغان ئىكەن، قاسقان سەكرەپ كېتىپتۇ — دە، ئۇنى ھارغىچە ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپتۇ. ھالۋا يەي دەپ قول سۇنغان ئىكەن، چۆمۈچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىۋېتىپتۇ. بۇ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك قىزىق ھادىسە بوپتۇ. ھېچ قازان ئۇنىڭغا بىر چىشلەم تاماق بەرمەپتۇ، ئازار بېرىپمۇ يە تەخسىلەر بىر تال قاق ، يە دەرەخلەر بىر تال مېۋە بەرمەپدۇ، ھەممىسى ئۇرۇپ قوغلاۋېتىپتۇ.

يىگىت مۇنداق ھادىسىلەرنى جىق كۆرگەن، مۇنداق تاياقلارنى جىق يېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئارتۇق ئەجەبلىنىپ تۇرماي يەنە يولغا راۋان بولدى.

ئاشىق يىگىت ئىنسانلارنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە زار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چارچىدى، ئاچلىققا چىدىماي يەنە شۇنداق بىر باققا تەۋەككۇل دېدى ـ دە، كىرىپ قالدى. قايسى كۆز بىلەن كۆرسۇن، تازا پىشقان ئالما تۆۋىدە مۇلايىم قىياپەتلىك بىر ئادەمنىڭ ھېجىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھە، مانا ئەندى پەلەكنىڭ چاقى دۇرۇس چۆگىلەپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، مانا بەخت، ئاتا!...دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ھېلىقى ئادەمنى قۇچاقلىدى.

ـ نېمە قىلىپ ئولتۇرۇسىز، ھۆرمەتلىك ئاتا، بۇ يەردە ؟

ـ جېنىم بالام، ـ دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، يالۋۇرۇپ،

ـ مەن باغۋەن ئىدىم، زەي يەردە يېتىپ پالەچ بولۇپ قالدىم. ئايلاپ ـ يىللاپ باققا قارايمەن، لېكىن ئۆز قولۇم بىلەن شېخىدا تۇرغۇزۇپ بىرمۇ ئالما ئۈزۈپ يېيەلمەيمەن. مېنىڭ دۇنيادا بىرلا مۇرادىم بار، ئۇ بولسىمۇ شۇ ئۆز قولۇم بىلەن بىر تال مېۋە ئۈزۈپ يېسەم، بېشىڭدىن مىڭ ئۆرگىلەي، ياردەم قىلساڭ ئىدى.

ـ بولدى، يىغلاپ دەردلەنگەن يۈرەكنى تىترەتمە، ماڭا ھاپاش بول، ئالما ئۈستىگە ئېلىپ چىقاي، ئۆز قولۇڭ بىلەن قانچىنى يېسەڭ يە، مۇرادىڭ ھاسىل بولسۇن، ـ دېدى مەرت يىگىت. پالەچ باغۋەننى ئالما ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. يىگىت قويۇق ئالمىسى بار بىر شاخقا مىنىپ ئارقىسىغا قارىدى.

ـ سەن يەۋاتامسەن؟ رۇخسەت قىلساڭ مەنمۇ بەش ـ ئالتە تال ئالما يېسەم، ـ دەپ سورىغاندى، باغۋەندىن ھېچ قانداق ئۈن چىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇياپلاقنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ، ئاغزى ھېجىيىپ تۇراتتى. «پالەچ مۇرادىغا يەتكەنلىگى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن تىلى سۆزگە كەلمەۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى، ئۆزى تويغۇچە ئالما يېدى.

ـ مەنمۇ ئالماڭنى تويغىچە يېدىم، ـ سەنمۇ يېگەنسەن، ئەندى چۈشۈپ كېتەيلىمۇ ؟ ـ دەپ ئارقىسىغا قارىدى.

لېكىن باغۋەندىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇ پۇشۇلداپ يىگىتنىڭ دۈمبىسىنى يالاۋاتاتتى. يىگىت «بۇنىڭ قورسىغى كۆپۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يامىشىپ يەرگە چۈشتى.

ـ قېنى ئەمىسە ئاستا چۈشە، ـ دەپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى يىگىت. پالەچتىن زۇۋان چىقمايدۇ، ئۇ بارغانسېرى كالىدەك مەھكەم چاپلىشىپ، تېخىلا پۇشۇلداپ، تىلى بىلەن يىگىتنىڭ دۈمبىسىنى يالاۋاتىدۇ، يىگىتنىڭ غىدىغى كەلدى.

ـ ھوي نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

ـ ...

ـ مۇرادىڭغا يەتتىم دەپ، يەنە ئۈچامدا ئۆلۈپ قالما، چۈش!

ـ ...

ـ ھوي بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

ـ ...

ـ زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ، چۈشە ـ چۈش؟

باغۋەننىڭ تىلى سۆزگە بارمايدۇ، ھامان يالاۋاتىدۇ. يىگىت تېرىكىشكە باشلاپ، مۈرىسىنى قارمىۋالغان پالەچنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا ئىتتەردى.

ـ ئويۇن ـ چاقچاق شۇنچىلىك بولغىنى ياخشى، چۈشە، مەن يولۇمدىن قالماي!

ـ ...

يىگىتنىڭ بويى شۈركۈندى، ئۇنى سىلكىدى، نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپ قوپتى، پېشانىسىدىن ئارقىغا ئىتتەردى. پالەچ زادىلا چۈشمەيدۇ. ئۇ گەپ قىلمايدۇ، يىگىت غەزەپلىنىپ پالەچنى تىللىدى. قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مۇشتلىدى، ئالما ياغاچلىرىغا ئاپىرىپ ئۇردى ۋە بىر قانچە قېتىم ئېگىز ـ ئېگىز سەكرىدى. پالەچ بولسا، بارغانسېرى مەھكەمرەك چاپلىشىپ كېتىپ باراتتى.

يىگىت ئۈچىسىغا چاپلىشىپ ئالغان پالەچنىڭ مۇلايىم باغۋەن ئەمەس، رودۇپاي دېگەن پالاكەت ئىكەنلىگىنى ئەندى سەزدى، ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ:

بىر بالادىن قۇتۇلۇپ،
مىڭ بالاغا ئۇچرىدىم.
مىڭ بالادىن كۇتۇلۇپ،
رودۇپايغا ئۇچرىدىم.

دېدى ـ دە، رودۇپاينى ھاپاش قىلىپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

(داۋامى ـ 13بەتتە)

# Мәрипәтпәрвәр инсан

Муһәммәд Йүсүп Карим 1968-жили 10-февраль күни, Хотән вилайитиниң Керийә наһийисидә илим-мәрипәтлик аилә — Муһәммәд Турсун һажим аилисидә туғулған. У һөкүмәт мәктивигә кичик йешидила окушқа кириш билән бир вақитта, мәһәллидики йошурун мәдрисидә ахшамлири «Қурьан Кәрим»ни ядлашқа башлиған.

1985- жили толуқ орта мәктивини пүттүрүш билән биргә, қарилиқниму толуқ түгәткән. Шу жили рамизан ейида у Керийә наһийисиниң чоң жамәсидә тунжи хәтмини өткәндә, Керийә хәлқиниң зор алқишиға вә катта һөрмитигә еришкән еди. Муһәммәд Йүсүп Карим, шуниңдин кейин бир жилға йеқин әрәб тилини үгәнди. 1986 - жили уни атиси Сәуди Әрәбистаниға баридиған һажиларға қетип қойған, у Сәуди әрәбистаниға берип һәж паалийәтлирини түгитип, Миссирниң Қаһирә шәһиригә окушқа барған вә икки айлиқ әрәб тили курсидин кейин, Әзһар институтиниң биринчи синипиға имтиһан берип әла натиҗә билән өткән. Төрт жиллиқ институтни мусабиқә арқилиқ үч жилда түгитип, 1989-жилиниң ахирида Әзһар университетиниң шәриәт вә қанун факултетиға окушқа чүшкән. 1993 - жили университетни пүттәргәндин кейин, Түркийә бир жил әрәб тили вә «Қурьан Кәрим»ни үгитиштин мүәллим болған. 1995-



**Муһәммәд Йүсүп Карим**

жили феврал ейида у Қазақстанниң Алмута вилайитигә қарашлиқ Исик шәһиригә келип, у жайдики «Қазақ-Түрк институти» да әрәб тилидин мүәллим болуп ишләшкә башлиди. Бу җәриянда у бир тәрәптин Қазақстанниң җумһурийәтлик гезитлиридин «Уйғур авази» вә «Йеңи һаят» гезитлиридә диний вә иҗтимаий мақалилирини елан қилип турса, йәнә бир тәрәптин «Исламдики аилә түзүми», «Намаз оқуш қаидиси», «Ислам әқидилири», «Закат китабви», «Роза вә униң әһкамлири» қатарлиқ китапларни йезип чиқип нәшр қилдурди. Қазақстандики уйғур җамаәтчилиги униң мақалилирини вә китаплирини қизиқип оқуйдиған болди.

Муһәммәд Йүсүп карим 2001-жилиғичә Қазақстанда әнә шундақ бир тәрәптин окутуш вә йезиш, йәнә бир тәрәптин хәлиққә динни тоғра йосунда йәткүзүш билән шуғулланди. Шу жили у Сәуди Әрәбистан һөкүмитиниң мәхсус тәклипи билән Сәуди Әрәбистаниға берип, Сәуди Әрәбистан дөләт радиоси тәркибидики уйғур бөлүмидә диктор болупишләшкәбашлиди.2005-жилдин башлап муһәммәд йүсүп карим Сәуди Әрәбистан радиоси уйғур бөлүминиң мудири болуп ишләп кәлмәктә.

Муһәммәд Йүсүп карим диний җәһәттә оттура һалликни асас қилған илғар пикир-қарашқа егә болуп, радикаллиқтин вә чәклик муһит тәсиридин әлвәттә жирақтур.

Муһәммәд Йүсүп карим һазирғичә 20 парчидин артуқ әсәр язғанниң сиртида, әрәб тилидин уйғур тилиға 10 парчидин артуқ китаб тәрҗимә қилған. Униң һәр қайси гезит-журналларда вә интернет торлирида елан қилған мақалилири 200 парчидин ашиду, 150 парчидин көпәрәк үн - син сөһбәт лентилири тарқалған. Һазирғичә униң әсәрлири вәтән ичи вә сиртидики уйғурларниң қизғин алқишиға еришип кәлмәктә.

Муһәммәд Йүсүп уйғурлардин чиққан йетүк диний алим, у диндила әмәс, бәлки һәр саһә илимлиридин хәвәрдар киши болуп, язмилирида вә нутуқлирида буни әкс әттүрүп кәлмәктә. У һазир Сәуди Әрәбистан хәлиқара радиоси уйғур бөлүминиң мудири, 2015-жили қурулған «Шәрқий Түркистан өлималар бирлиги»ниң қурғучи әзалиридин бири, «Ислам тәтқиқат мәркизи»ниң рәиси, 2003-жилидин бери чиқип келиватқан «Мәрипәт» журнили билән 2018-жилидин бери чиқиватқан «Өлималар» журнилиидин ибарәт икки журналниң баш муһәррири қатарлиқ хизмәтләрни ишләп кәлмәктә.

**Усман Турди**

# СУДӘК ЕҚИП КЕТИВАТҚАН ӘҢ ҚИММӘТЛИК БАЙЛИҒИМИЗ

Шәксизки, биз һес қилайли яки һес қилмайли, қәдрини биләйли яки билмәйли, судәкла еқип кетиватқан, кәйнигә қәтъий қайтмайдиған нәрсә бизниң өмримиздур. Өмримиз бизниң әң қиммәтлик байлиғимиздур. Чүнки биз ашу өмримизни сәрп қилип, бу дунияда нәтиҗә яритимиз, ахирәттә җәннәтни қазинимиз. Табиин өлималиридин әлламә Һәсән Бәсрий мундақ дегән: «инсан күнләрдин тәркип тапқан бир мәвҗудаттур. Өткән һәрбир күн униң бир парчисини елип маңиду». Инсанниң әсли вақиттур. Шуңа Аллаһ Таала инсанниң өзи болған вақит билән қәсәм қилип, инсанниң зийан ичидә екәнлигини билдүргән. (بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ. وَالْعَصْرِ. إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ) «Заман билән қәсәм қилимәнки, инсан чоқум зийан ичидидур». Инсан немә үчүн зийан ичидә? Чүнки вақитниң өтүшиниң өзи инсанни түгитип маңиду. Мәйли мусулман яки капир болсун, мәйли тәқва яки пасиқ болсун, һәр қандақ бир инсанниң һаятидин өткән һәрбир күн, һәрбир саат, һәрбир минут вә һәрбир секунд униң һаятини кемәйтип маңиду. Вақит инсанниң дәсмайиси, яхши әмәлләрни қилиш пурсити, җәннәтни қазинидиған сәрмайиси болуп, инсанниң һайатидин өткән һәрбир ләһзә, һәрбир минут вә һәрбир саат униң өмрини қисқартип маңиду. Чүнки, өтүп кәткән вақитларниң һәммиси униң өмрини биллә елип кетиду. Мана бу һәқиқий зийандур. Лекин Аллаһ Тааланиң шәпқити вә инами кейинки айәтләрдә кәлгән болуп, у болсиму,( إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ)«пәқәт иман ейткан, яхши әмәлләрни қилған, бир – биригә һәқни тәвсийә қилишқан вә (униңда) чидамлиқ болушни тәвсийә қилишқан кишиләрла зийан тартмайду» дегән айәтләрдур. Шуңа имам Шафий «(Пәқәт» дегән сөздин кейинки айәтләр қутулушниң амиллиридур» дегән. Худди тиҗарәттики һәқиқий зийан тиҗарәткә салған дәсмайидин айрилип келиш болғандәк, инсанниң һаятидики һәқиқий зийан униң вақтиниң, өмриниң мәнисиз, бекарға өтүп кетишидур.

Алайлуқ, икки қериндашқа атисидин бир миллион доллардин мирас қалған болуп, бу икки қериндашниң бири бир миллионни дәсмий қилип чоң ишларни қилди яки ширкәт қуруп ишини чоңайтти, нәтиҗидә, көп пайда тапти, мирас қалған пулни көпәйтти, кемәйтмиди. Йәнә бири қериндаш өзигә тәккән мирас пулни өстүрүш яки бирәр иш қилишни ойлимиди, пәқәт хәҗләп түгәтти. ахирида қуруқ қол болуп қалди.



Бизгә берилгән өмүрму шуниңға охшаш болуп, мошу өмүрни дәсмайә қилип, уни иман вә яхши әмәлләр билән өткүзсәк, худди судәк еқип кетиватқан бу өмримиз бекарға кәтмигән вә шуниңға лайиқ пайда тапқан болимиз. Авада әксичә иш көрсәк, худди бир миллион мирас пулни хәҗләп түгитип қуруқ қол қалған қериндашқа охшап қалимиз.

Бу сүридә дуния вә ахирәттә нижатлиққа еришишниң амиллири қилинған төрт чоң әмәлниң баяни төвәндикичә:

1. «Иман ейтиш» бу айәттики иман ейтиштин мәқсәт алди билән Аллаһ Таалани һәқиқий маһпийити бойичә толуқ тонуш, униң мәвҗутлуғиға, бирлигигә, һәмминиң яратқучиси вә һәммигә қадир екәнлигигә, андин иман ейтишқа буйрулған ишларниң һәммисигә чин ишинип етиқад қилиш дегәнликтур. Бу жуқарқи төрт амилниң етиқад қисми болуп, етиқад дурус болмиса, әмәл- ибадәт қобул болмайду. Аллаһ Тааларға иман ейтиш дегән униңға ишинип қоюшла әмәс, бәлки билип етиқад қилиш вә шуниң тәқәззаси бойичә әмәл қилиштур. Шуңа «Қурьан -Кәрим»дә: «Аллаһдин башқа илаһ йоқ екәнлигини бил» дәп көрситилгән. демәк, билмәй ишиниш әмәс, бәлки билип вә қайил болуп ишиниш тәләп қилиниду.

2. «Яхши әмәл қилиш» Аллаһ Таала рази болидиған вә яхши көридиған әмәлләрни вә ишларни қилиш, мәйли дунияліқ яки ахирәтлик болсун, өзимизгә вә башқиларға мәнпийәтлик болған ишларни қилиш дегәнликтур. Айәттики «яхши әмәл» Аллаһ Таалаға көрсәткили болидиған вә униңға әрзийдиған әмәл» дегәнликтур. Шуңа «Қурьан Кәрим»дә:( الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا) «У силәрдин қайсиңларниң әмәли әң яхши екәнлигини синаш үчүн, өлүмни вә һаятлиқни яратқан затгур» дәп кәлгән. Чүнки, динимизниң биздин тәләп қилғини әмәл-ибадәтни көп қилиш әмәс, бәлки сүпәтлик қилиштур. Шуңа бәзидә бирәр яхши нийәт яки аддийғинә бирәр яхшилиқ җәннәткә киришниң сәвәби болуп қалиду. Худди алтун, күмүш граммилап, көмүр вә төмүр қатарлиқ мәдәнләр тоннилап тартилғандәк, тәләпкә лайиқ қилинған һәр бир әмәл гәрчә аз болсиму қиммәткә еришиду, амма сүпәтсиз қилинған көп әмәл қанчилик көп болсиму қәдирсиз болиду.

3. . «Һәқ үстидә чидамлиқ болушни тәвсийә қилиш» һәқиқәт йолида мустәһкәм туруш оңай әмәс, бу йолда тосқунлуқлар вә қийинчилиқлар көп болиду. Униң үстигә бу дуния имтиһан вә синақ дунияси болуп, инсан яхши билән яман, һәқ билән батил оттурисидики күрәшләрдә һәмишә имтиһан қилинип туриду. шуңа инсанлар һәқ йолда мустәһкәм туруш вә синақларға қарши чидамлиқ вә күчлүк болуши үчүн бир- биригә буни тәвсийә қилишишқа муһтаҗдур. Чүнки, инсан иман вә яхши әмәлләр билән өзини мукәммәлләштүрсә, һәқиқәттә чиң турушини вә униңда чидамлиқ болушни тәвсийә қилиш билән башқиларни мукәммәлләштүриду.

***МУҺӘММӘД ЮСУП.***
*(«TURKISTANTIMES» сайтидин елинди)*

# 2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ئابدۇلرازاق گۇرناھ

2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ئابدۇلرازاق گۇرناھ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىسا كېرەك. 2021 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نامزات بولغانلارنىڭ ئارىسىدا خارۇكى مۇراكامى ، ئالىي ئەخمەت سايىد ئەسپەر ئادونىس، مىللان كۇندىرا، سالمان راشىد قاتارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە خېلى تونۇشلۇق بولغان يازغۇچى، شائىرلار بولسىمۇ، لېكىن شىۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى 2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئابدۇلرازاق گۇرناھقا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئابدۇلرازاق گۇرناھ پەقەت ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگىلا ناتونۇش يازغۇچى بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ ناتونۇش يازغۇچى ئىدى. شىۋېتسىيە نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتى 2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنىڭ نامىنى ئېلان قىلغاندا، پۈتۈن شىۋېت ئوقۇرمەنلىرى، مۇخبىرلار ۋە ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغانىدى.

ئابدۇلرازاق گۇرناھ ئەسلى تانزانىيەگە قاراشلىق زانزىبار ئارىلىدىن بولۇپ، 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇلغان. 18يېشىدا ئەنگلىيەگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. ئۇ 21 يېشىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا كىرىشكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان سۋاھىلى تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئىنگلىس تىلىدا ئەسەر يېزىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ 1987 ـ يىلى «ئايرىلىش ئەسلىملىرى»ناملىق رومانى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ «ھەج يولى»، «دوتتىيە»، «جەننەت» «جىمجىتلىقتا مەدھىيە» ، « دېڭىز ساھىلىدا»، «يالغۇزلۇق»، « ئاخىرقى سوغا»، قاتارلىق 15 رومان ۋە بىرقانچە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلدۇرغان.

شىۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئابدۇلرازاق گۇرناھقا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى بېرىشىدىكى سەۋەبنى ئىزاھلىغاندا: «ئۇنىڭ مۇستەملىكچىلىكنىڭ ، مەدەنىيەت ۋە قىتئەلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ



مۇساپىرلارنىڭ تەقدىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە تۇتقان مۇرەسسە قىلمايدىغان رەھىمدىل پوزىتسىيەسىدۇر» دەيدۇ .

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە كېيىنكى كولونىيالىزم ۋە كۆچمەنلىك تېمىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئابدۇلرازاق گۇرناھنىڭ نامىنى قايتىدىن نامايەن قىلغان رومانلىرىنىڭ بىرى 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جەننەت»ناملىق رومانى بولۇپ، بۇ رومان ئۇنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىشىدا زور رول ئوينىغان. شىۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنىڭ بۇ رومانى ھەققىدە توختالغاندا:« بۇ رومان ئابدۇلرازاق گۇرناھنىڭ كېيىنكى مۇستەملىكە دەۋرىدە، كىملىكنى يوقىتىپ قويغان كۆچمەنلەرنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگۈچى ئافرىقىلىق ئىككى ئاۋانگارت يازغۇچىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتتى» دەيدۇ. قىسقىسى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇستەملىكىگە ئايلانغان ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ قول سودىسىنى مەركەز قىلغان قاراڭغۇ دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئېرىقى توقۇنۇشلارغا، كېيىنكى مۇستەملىكە دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ ياشاش شەكلىنى بىلدۈرۈشكە ۋە كىملىكنى قايتا تونۇشقا قارىتىلىدۇ.

2021 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ئابدۇلرازاق گۇرناھ شىۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىۋېتسىيەدە زىيارەتتە بولغان بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىۋېتسىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا يىغىنىنىڭ شەرەپ مېھمىنى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىندى .يىغىندا يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ئۇچراشقاندىن سىرت رومانلىرىنى شىۋېت تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھېلىنا ھانسون خانىم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. كەمىنە يىغىندا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولغان بۇ ھۆرمەتلىك يازغۇچى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم ۋە بىرلىكتە خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق، يازغۇچى«جەننەت» ناملىق رومانىغا ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى.

«جەننەت » رومانى ئاپتورنى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرگەن ئاساسلىق رومانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، روماندا ئون ئىككى ياشلىق باش پېرسوناژ يۈسۈپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن باي سودىگەر تاغىسى ئەزىزگە بېرىۋېتىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈسۈپ سودىگەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ تاغىسى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە يۈسۈپنى دادىسى قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇل سۈپىتىدە ئېزىزگە سېتىۋەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ يۈسۈپنىڭ ھاياتىنىڭ باشقا بىر سەھىپىسى ئېچىلىدۇ .

ئەملىيەتتە ئاپتور روماندا يۈسۈپنىڭ تەقدىرىنى قىيىنچىلىق ياكى ئازاب ئىچىدە تەسۋىرلىمەيدۇ. يۈسۈپنىڭ كۆزى بىلەن تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر يۈسۈپنىڭ ھاياتىغا يېڭى مەنىلەرنى قوشىدۇ. ئۇ ھايات ھەققىدە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر ھەققىدە كۆپ چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار تېخى ئىگىلەشكە ئۈلگۈرمىگەن باشقا يەرلەرگە قىلغان جاپالىق سەپىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ رەڭگارەڭ ھاياتنى تونۇتىدۇ.

روماندا يۈسۈپ ناھايىتى كەم سۆز تەسۋىرلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ھەممە يەردە ماختاشلارغا سازاۋەر بولىدۇ، ئىللىقلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ روماننى ئوقۇغان ئادەم قۇللارنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن باشقا رومانلارنى ئوقۇغانغا قارىغاندا، تولىمۇ نازۇك بىر ھېس تۇيغۇغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۆزىنى يىنىك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت،
دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى

## رودۇپاي

(بېشى 11 ـ بەتتە)

ئاشىق يىگىت بىر ـ نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، قۇتلۇق چۆللەرنى، مۇزلۇق داۋانلارنى ئاشتى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ساماندەك ساغىرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ باراتتى. ئاخىرى بىچارىنىڭ قوۋۇرغىلىرى ئېچىلىپ، تاپانلىرى تېشىلىپ، ئۇستۇخانلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. لېكىن ئۇ چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئۆز يولىدا يۈرۈشنى توختاتمىدى.

يىگىت كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلەي ـ ئۆلەي دەپ قالغاندا، يىقىلىپ، قوپۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلىك بىر جايغا يېتىپ كەلدى. سۈپسۈزۈك چايقىلىپ تۇرغان، قىرغاقلىرىغا كۆز يەتمەيدىغان چوڭ بىر كۆل. ئۇ كۆل يېنىدا يوغان بىر چىنار باراقسان شاخلىرىنى ئەتراپلىرىغا يېيىپ سۇ بويىغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. سالقىن شامالدا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئوينىشىپ قانداقتۇر سىرلىق بىر ئاۋاز ئاشىق يىگىتنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. كۆلنىڭ پۈتۈن ئەتراپىدىكى يايلاقلار كۆلنىڭ سىرىق نۇرى ئاستىدا يىراقلاردىن يېپ ـ يېشىل دۇخاۋىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئوتلاقلاردا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ياش قىزلاردەك ئەركىلەپ تەلپۈنۈپ تۇرۇشاتتى.

ئاشىق يىگىت بۇ جاينىڭ ساپ ھاۋاسىدىن كۆكسى تويغۇچە نەپەس ئېلىپ، ئېغىر بىر تىنىپ: «ئەندى رودۇپايىنى كۆتۈرۈپ بۇنىڭدىن ئارتۇق يۈرسەم ئۆلىمەن. ئاخىرقى قېتىم بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۇ پالاكەت بىلەن ئېلىشاي، ئەگەر ئۆلسەم ئەجايىپ چىرايلىق خۇش ھاۋالىق جاي ئىكەن، جەسىتىم موشۇ يەردە قالسۇن» دەپ ئويلىدى. ئۇ چىنارغا يۆلىنىپ دەم ئالدى ۋە كۆلنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىچتى. سۇ ئۇنىڭغا كۈچ بەرگەندەك بولدى. ئۇڭدا يېتىپ كۆپ ـ كۆك ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئويىغا ناھايىتى بىر ياخشى پىكىر كەلدى. چىنارنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقتى. چىنارنىڭ كېلىشكەن بىر ئاچىسىغا رودۇپاينىڭ بېشىنى قىسىپ پېشانىسىدىن بېسىپ، بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى. يىگىت چايقىلىپ ـ چايقىلىپ يۇيۇنۇپ چىققان ئىدى. پۈتۈن ئەزالىرى تاپتازا، خۇددى بۇرۇنقى باتۇر يىگىت بولۇپ قالدى.

باتۇر يىگىت بىردىن ئىسلىغان رودۇپايغا قارىدى، ئۇ ناھايىتى سەت ئاۋاز بىلەن چىرقىراپ تىپىرلاۋېتىپتۇ. جاھاننى تۇتەك بېسىپ، ھەرخىل سۈرلۈك ئۈنلەر پەيدا بولدى. دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلدى، گۈللەر توزۇپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆل مۇزلاپ، شۇرغانلار ئويناپ ھوشقۇتتى. باتۇر يىگىت بۇ ھادىسىلەر ئىچىدە ھودۇقۇپ كەتمىدى، غەيرەت ۋە چىدام بىلەن چىنار ئۇستىگە چىقىپ، رودۇپايىنى مىجىپ تاشلىدى. جاھان كۈلدى، مۇزلار ئېرىپ، ياغاچلار كۆكىرىدى. گۈللەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق چىرايلىق بولۇپ يەنە ئېچىلدى. باتۇر يىگىتنى نەچچە يىللار ئازاپلىغان تىلسىم سۇندى. يىگىت ئەندى ھېچقانداق تەمتىرىمەستىن ئەركىن نەپەس ئالدى...

ئاخىرى بېرىپ ـ بېرىپ ئۇ گۈلزار ئارىسىدا گۈليارى بىلەن ئۇچراشتى. گۈليار شۇنداق چىرايلىق قىز ئىدىكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە قەلىمىم، سۆزلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

سىلەر ئاشىق يىگىتنىڭ گۈليارى قاتارلىق چىرايلىق، سۆيۈملۈك ئىكەنلىگىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرمىگۈچە مەن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن، دەپ ماختىنالمايمەن. شۇنداق قىلىپ دۇنيادا بىرىنچى قېتىم رودۇپايىنى يەنچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگۈچى گۈليارنىڭ ئاشىغى سانۇبەر دېگەن باتۇر يىگىت بولغان ئىكەن.

مەن بۇ ھېكايىدىن رودۇپاي دېگەن پالاكەتنىمۇ يوقىتىش مۇمكىن ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ يۈرەتتىم. ئامما بىزنىڭ باغلاردا رودۇپاي يوق، بىز خاتىرجەم كۈن كەچۈرىمىز، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن ئېسىمىزنى تاپقاندا بايقاپ باقساق، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بىزنىڭ باغلاردا رودۇپايلار بار ئىكەن. ئۇلار كۆپچىلىك تېرىپ ـ تىكىپ ئۆستۈرگەن باغلارغا يالغاندىن باغۋەن بولۇۋېلىپ، خەلققە ئۆزىنىڭ يېتىشتۈرگەن مېۋىسىنى بەرمەيدىكەن.

خەلق بولسا، يوقسۇزلۇق، گادايلىقتىن زارلىنىدىكەن. لېكىن، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىدىغانلار بار ئىكەن. ئۇلار بولسا، رودۇپايلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىلىرىنى ئېچىپ:

ـ ھاي خالايىق، زارلىنىسلەر، ئازاپتا ئىڭرايسىلەر، بۇ پالاكەتنى سىلىۋاتقانلار كىم؟ قېنىڭلارنى شوراۋاتقان ئەنە ئاشۇ تەييارتاپ رودۇپايلارنى نېمىشقا كۆرمەيسىلەر!

ـ دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى. خەلقمۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قاراشقا ۋە پالاكەتلىكلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى...

ئاخىرى بىزمۇ رودۇپاي دېگەن پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپتۇق.

سانۇبەر رودۇپاينىڭ بويىنىنى ئاچا ياغاچقا قىسىپ قويۇپ، بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىن بېرى، رودۇپاينىڭ ئەۋلادى بارلىق ياغاچتىن، شۇنىڭدەك تاياق ـ ـ توقماقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىز مانا شۇلاردىن پايدىلىنىپ بىغەمزىدىكى رودۇپايلارنى تازا دۇمبالىدۇق. ئايھاي ... رودۇپاي تاياقتىن شۇنداق قورقىدىكەنكى، بىكار يېتىپ يەپ، سەمرىپ ماڭالماي قالغان پالەچلەر ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى.

1945 ـ يىلى، غۇلجا

# Биологические часы и здоровье

Есть два закона Аллаха, один закон шариата, а другой закон природы. Те, кто нарушает законы шариата, будут наказаны в будущей жизни, но те, кто нарушает законы природы, будут наказаны в этом мире. В то время как Аллах ниспослал закон Шариата для всеобщего благополучия людей, Он установил закон природы, чтобы они могли иметь счастливую и процветающую жизнь в этом мире. Например, спать ночью и зарабатывать на жизнь днем – это естественный закон, установленный Аллахом, и побеждают те, кто следует ему, их тела остаются здоровыми, нарушая его, те, кто спит слишком поздно ночью или не спит , а те, кто спит днем, несчастливы, несчастны, нездоровы. Причина этого также является одним из естественных законов, предписанных Аллахом, и ничто не может быть сделано без причины, и хотя Аллах пообещал, что даст пропитание всем живым существам, Он повелел нам найти и съесть это пропитание. Поэтому каждое живое существо стремится найти и съесть пищу, предписанную Аллахом. Если он не будет искать пищу, он будет голодать.

Вставать рано вечером — это закон природы, установленный Аллахом, и стих: «Это Он сделал ночь для вас отдыхом, и Он сделал для вас светом день». Согласно исследованию 2002 года, опубликованному в журнале Sciense Аризонским университетом в США, «Сон в темноте очень полезен для физического здоровья». По словам исследователей, в темноте организм выделяет гормон под названием мелатонин. Этот гормон защищает от рака молочной железы и простаты. Исследования также показали, что гормон мелатонин предотвращает рост раковых клеток, но на свету это не так.

### *Здоровье и его виды.*

Когда мы понимаем, что здоровье — это всего лишь защита тела от болезней, смысл, который включает в себя слово «здоровье», не выражается, и мы помещаем здоровье в маленькую рамку. Это потому, что медицинские эксперты подчеркивают, что здоровье — это состояние баланса между четырьмя вещами: умом, эмоциями, телом и духом. Эти четыре вещи взаимосвязаны, и психическое здоровье неотделимо от психического здоровья, а психическое здоровье связано с физическим здоровьем. Все это неотделимо от психического здоровья. Все мысли человека не зависят от его или ее психического состояния. Невозможно, чтобы человек был в хорошем состоянии ума, а его или ее психическое состояние было плохим, то есть чтобы ваш ум был позитивным. Позитивные мысли воздействуют на тело и выражаются различными положительными способами, включая расслабление, открытость ума, подвижность и ясность духа. Когда тело принимает негативные мысли, это выражается в виде депрессии, лени, неспособности запоминать, нежелания, всевозможных болей, ожирения и так далее.

Понятно, что болезнь возникает не сразу. Это состояние, возникающее в результате сильной усталости, которая медленно накапливается в организме из-за умственной и психологической небрежности.



### *Биологические часы и их роль*

Биологические часы означают, что биоэнергия в организме человека находится в постоянном движении. Биологические часы вращаются вокруг двадцати четырех членов внутренних органов человека в течение двадцати четырех часов, в течение которых увеличивается активность биоэнергии между двенадцатью органами, и каждые два часа один из этих двенадцати органов достигает уровня самой совершенной задачи. Через каждые двенадцать часов каждый участник вступает в период отдыха от активности и подготовки к следующим двенадцати часам активности. Например, биоэнергетическая активность печени достигает наибольшего уровня от часа до трех часов ночи, а наименьшей - от часа до трех часов дня. Этими двенадцатью органами являются: легкие, толстая кишка, желудок, клетчатка, сердце, тонкая кишка, мочевой пузырь, репродуктивные органы, почки, железы, желчный пузырь и печень.

По мнению медицинских специалистов, у каждого человека в организме есть биологические часы, которые регулируют различные функции организма, в том числе и сон. Большая часть кровотока приходится на печень с одиннадцати до трех часов ночи. Поскольку печень в это время наполнена кровью, ее объем увеличивается. Это очень важное время, когда печень очищает организм от токсинов и вырабатывает естественные хелаты, такие как кровь, мокрота, желчь и слюна, а токсины, накопленные в организме за один день, очищаются за эти четыре часа. Проблема в том, что если вы не будете спать четыре часа, печень не сможет вас очистить, и вы не сможете вырабатывать натуральные хелаты. Потому что для того, чтобы печень выполняла эту работу, вы должны спать.

Если вы ложитесь спать в одиннадцать часов вечера, значит, у печени есть четыре часа свободного времени для очистки организма от токсинов, за это время препараты могут полностью очиститься. Если вы ляжете спать в двенадцать часов вечера, у вас останется три часа. Если вы ляжете спать в час ночи, у вас останется два часа. Если вы ляжете спать в два часа ночи, у вас останется час. Если вы ляжете спать в три часа ночи, времени на очищение организма от токсинов не останется. Если вы продолжите так жить, яд в вашем теле будет продолжать накапливаться, и однажды вы вдруг не узнаете, что с вами произошло. Но тогда вы опоздали. Итак, не жалуйтесь на законы, которые установил Аллах, но вставайте рано и ложитесь рано. Пророк (да благословит его Аллах и



приветствует) призвал мусульман приходить рано вечером и вставать на следующее утро, заявляя, что «благословения моей уммы назначены на утро».

### Знаете ли вы, чем опасно поздно ложиться и поздно вставать?

*Знаете ли вы, что сколько бы вы ни спали допоздна, вы никогда не устанете и пойдете на работу очень усталым и ленивым? Почему это? Это потому, что токсины в вашем теле не очищаются. Это потому, что спать ночью и не вставать утром — очень вредная привычка для здоровья человека.*

Между 15 и 17 часами большая часть кровотока сосредоточена в легких. Что делать тогда? Тогда вам нужно подышать свежим воздухом. Лучше всего долго дышать свежим воздухом, например садовым или полем, а затем медленно его выпускать.

Между пятью и семью часами утра большая часть кровотока сосредоточена в толстой кишке. Что делать в этот момент? В этот момент вы выпиваете два стакана горячей воды натощак, а затем идете в ванную, чтобы расслабиться и подготовить свое тело к пище, необходимой вам в течение дня. Употребление двух чашек горячей воды без еды утром играет важную роль в стимуляции и размягчении кишечника. Но не пейте холодную воду на голодный желудок. Это связано с тем, что холодная вода ухудшает работу кишечника и препятствует кровообращению. Большая часть крови течет из желудка между семью и девятью часами утра. Что делать в этот момент? В это время вы будете завтракать. Завтрак — очень важный прием пищи, он может как улучшить, так и испортить ваш день. Эта потеря не может быть компенсирована даже самой лучшей и самой здоровой пищей в течение дня. Отсутствие завтрака может привести к опасным заболеваниям. Ваш завтрак определяет, как пройдет ваш день. Это связано с тем, что пища, которая попадает в желудок утром, играет ключевую роль в вашей физической активности. Крепкий желудок – залог высокой энергии и качественной работы, а крепкий желудок – много сил для борьбы с негативными эмоциями. Точно так же, как качество бензина в вашем автомобиле хорошее, чем лучше ваш завтрак, чем совершеннее и крепче он будет, тем более качественной, продуктивной и успешной будет ваша повседневная работа. У нас есть поговорка, в которой говорится: «Пустой мешок не стоит прямо».

Неудивительно, что фермеры или жители сельской местности во всех отношениях здоровее городских жителей. Потому что они встают рано вечером и просыпаются на следующее утро, чтобы идти в ногу со своими биологическими часами.

Когда мы были маленькими, не было ни телевидения, ни Интернета, и транспорт был не таким простым, как раньше. Обычно люди приходили рано вечером и вставали на следующее утро. Поэтому в те времена люди не знали об артериальном давлении, диабете и раке. Мы, люди, нарушили естественные законы, которые Аллах установил для природы, превратив ночь в день, день в ночь, сделав наше тело, укрепляемое и скрывающееся от действия, бездеятельно больным и лишив нас ног, которые Аллах создал для того, чтобы ходить. Нас наказывают за все наши поступки тем, что мы страдаем от различных болезней и недовольны своей работой.

*МУХАММАД ЮСУФ.*
*(Сайт «TURKISTANTIMES»)*

# Уйғур балилири Түрк дунияси балилар фестивалида уйғурларни тонуштурди

6-айниң 25-28-күнлири, Түркияниң шәһири Бурса шәһиридә түркий милләтләрниң мәдәнийитини тонутуш үчүн Түрк дунясиниң балилар фестивали өткүзүлди.

Бу паалийәткә Әзәрбәйҗан, Қирғизстан, Түркмәнстан вә Молдова җумһурийитидики Гагаузия қатарлиқ дөләт вә районлардин кәлгән балилар иштирак қилған. Амма бу фестивалда уйғур балилириму өз маһарәтлирини көрсәткән. Уйғур хәлқигә вакалитән Истанбулдики Таңнури тәлим-тәрбийә мәркизидин икки оқутқучи, 12 бала билән мәзкур фестивалға қатнашқан.

Бу паалийәт 3 күн давамлашқан болуп, паалийәткә Әнқәрәдә турушлуқ Хәлиқаралиқ түрк культур тәшкилатиниң вәкили доктор Җавид Мөвсүмлү әпәнди, Бурса шәһәрлик һөкүмәтниң баш кативи Улаш Ақхан әпәнди, ташқи мунасивәтләр ишханисиниң мудири Әхмәт Байхан әпәнди вә Бурсадики яш-өсмүрләр, ата-анилар вә хәлиқ аммисидин болуп көп санда кишиләр иштирак қилишти.





Бу паалийәткә қатнашқан миң әтрапидики яш-өсмүрләр қатаридин орун алған 12 уйғур балидин тәркиб тапқан өмәк уйғурларни тонуштуруп, шеир декламация қилғандин сирт, уйғур нахша-уссуллирини орунлиди. Улар шеир, нутуқ вә нахшилири арқилиқ уйғурларниң тарихи, миллий мәдәнийити вә һазир дучар болуватқан бесим, аталмиш «тәрбийәләш курси» намидики лагерьлар һәққидә мәлуматларни бәргән.

Таңнури тәлим-тәрбийә мәркизи 2017-жили қурулған болуп, қурулған күндин буян Түркияниң нурғун җайлирида һәр хил фестиваль вә мурасимларға қатнишип уйғур сәнъәт номурлири көрсәткән.

**ӘРКИН ТАРИМ**

# ТӘЗИЙӘЛӘР

## ӘЛВИДӘ, ВӘТӘНПӘРВӘР ДОСТ



28- июнь күни Қазақстан,Талғир наһийәсигә қарашлиқ Туздыбастау (бурунқи Калинин) йезисиниң турғуни, мәрипәтчи вә пешқәдәм устаз

**АБДУРЕҺИМ ИБРАҺИМ оғли МУҺӘММӘТОВ**

84 йешида аләмдин өтти.

Абдуреһим Ибраһим оғли Муһәммәтов 1938-жили Уйғуристанниң Или вилайитиниң Моңғол Күрә наһийәсидә һунәрвән аилисидә дунияға кәлгән. 1957- жили Шинҗаң институтиниң тил вә әдәбият факультетиға оқушқа чүшүду.

Шу жиллири өлкә дәриҗилик кадрлар, муәллимләр вә студентлар арисида «ечилип сайраш» аталмиш кампанияси башлинип кетиду. Абдуреһим Ибраһим оғли оқушини ташлап, вәтини Уйғуристанни тәрк етип, Қазақстанниң Талғар наһийәси, Туздыбастау (бурунқи Калинин) йезисиға көчүп келип олтурақлишиду.

Абдуреһим шу жилларда Алмутида Абай намидики Педагогика институтиниң уйғур тили вә әдәбият факультетиға оқушқа чүшүп, 1963-жили уни мувапәқийәтлик тамамлап, өзи истиқамәт қиливатқан Туздыбастау йезисидики мәктәптә узун жиллар, йәни пенсиягә чиққичә уйғур тил вә әдәбиятидин дәрис берип яш әвлатларни тәрбийәлиди.

У өзиниң көп қирлиқ паалийити, тәшкилатчанлиқ қабилийити вә кәспи билән яш әвлатларни җәмийәтниң мунасип пәрзәнтлиридин болуп йетишишигә көп әҗир сиңдүрди.

У оқутқан нурғунлиған уйғур пәрзәнлири бүгүнки күндә инженер, муәллим, пән алими вә башқа кәсипләр бойичә җәмийәттә хизмәт қилмақта. Униң узун жиллар мәдәний - маарип саһасидә көрсәткән иш-паалийәтлирини жуқури баһалиған Җумһурийәтлик уйғур этно-мәдәнийәт мәркизи Абдуреһим Ибраһим оғлини «Сахавәтлик» медали билән мукапатлиған.

Абдуреһим Ибраһим оғли Муһәммәтов Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитиниң җанкөйәри еди. У узун жиллар «Иттипақ» гезитигә муштири топлаш вә уни тарқитиш ишлириға көп әҗир сиңдүргән. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити уни бир нәччә қетим тәшәккүрнамилар билән мукапатлиған.

**Абдуреһим Ибраһим оғли Муһәммәтовниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә вә урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә бидүримиз.

Мәрһумниң ятқан җайи җәннәттә болсун, Амин!

***ҚИРҒИЗСТАН УЙҒУРЛИРИНИҢ «ИТТИПАҚ» ҖӘМИЙИТИ***



Чуй вилайити, Аламедин наһийәси, Ала-Тоо йезисиниң турғуни, «Иттипақ» гезитиниң җан көйәри Ханап Ширмәһәммәт қизиға, аниси

***ГУЛҖАҺАН ӘЗИЗӘХУН ҚИЗИ МАМУТОВАНИҢ***

вапат болуши мунасивити билән чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумәниң ятқан йери җәннәттә болсун, Амин!

***ҚИРҒИЗСТАН УЙҒУРЛИРИНИҢ «ИТТИПАҚ» ҖӘМИЙИТИ***



Йеқинда, Алмута шәһири, Һөҗҗәт мәһәллисиниң турғуни

**АХУНОВ СӘЙДӘХМӘТ ТУРДАХУН ОҒЛИ**

53 йешида вапат болди.

Сәйдәхмәт Турдахун оғли Чонжа шәһиридә туғулуп, мәктәптә оқуған, кейин Каргалинка кооперативлиқ училищесида оқуп, уни мувапәққийәтлик билән түгәткән. Кейинки жилларда Алмута шәһиридә тиҗарәтчилик қилған. Сәйдәхмәт Турдахун оғли «Иттипақ» гезитимизниң җанкөйәри еди. У «Иттипақ» гезитимизниң тарқитилишиға ярдәм бериватқан инсанлиримизниң бири болған.

Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлиригә чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***ҚИРҒИЗСТАН УЙҒУРЛИРИНИҢ «ИТТИПАҚ»ҖӘМИЙИТИ***

*Қирғизстанниң Бишкәк шәһиридики Тиливалди һаҗим Иминов башчилиғидики бир группа мәшрәп әһли, Қазақстан, Талғир наһийәсигә қарашлиқ Туздыбастау (бурунқи Калинин) йезисиниң турғуни, оттуз оғул мәшрәп әһлиниң дости*

**АБДУРЕҺИМ ИБРАҺИМ ОҒЛИ МУҺӘММӘТОВНИҢ**

*вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә вә урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.*

# ПОЗДРАВЛЯЕМ!



**ОБЩЕСТВО УЙГУРОВ «ИТТИПАК» КР**
***от всей души поздравляет жителя г.Кара-Балта Чуйской области***
***МАМАТОВА КАСЫМЖАНА***
***с юбилеем – 50 – летием со дня его рождения!***
***Пользуясь этим замечательным событием Общество «Иттипак» искренно желает ему крепкого здоровья, долгих лет жизни, личного и семейного благополучия и счастья!***



***Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, «Восток» йезисиниң турғуни***
***АЮПОВ АЗАТ ЯҚУПБАЙ***
***оғлиниң туғулған күниниң шанлиқ 70 жиллиғи***
***нишани билән чин жүригимиздин тәбрикләймиз! Биз, йеза җамаити Азат Яқупбай оғлини йезимизниң пешқәдәм инсанлири қатарида тонуймиз. У хелә жиллардин бери «Иттипақ» гезитимизниң җанкөйәри, гезитимизгә муштири топлаш вә тәрқитиш ишлирида актив паалийәтләрни елип бармақта. Мошу мунасивәт билән йеза җамаитимизниң илғар әзаси, һөрмәтлик Азат Яқупбай оғлиға тән-саламәтлик, узун өмүр, аилисигә паравәнлик вә бәхит-саадәтләрни тиләймиз!***

***«ВОСТОК» ЙЕЗИСИНИҢ УЙҒУР ҖАМАӘТЧИЛИГИ***




*С 16 по 19 июня 2022 в городе Анталия (Турция), в Университете Акдениз проводился Международный юношеский конкурс «AKDENIZ SOUNDS». Организаторами конкурса выступили AKADEMY OF ART KAZAKHSTAN и AKDENIZ UNIVERSITY.TURKEY.*

*В номинациях: вокал, солисты, ансамбли, хоры, хореография, дизайн и ИЗО на суд международного жюри конкурса свои музыкальный номера и художественные способности показали участники многих стран мира.*

*В номинации «Фортепиано» в конкурсе принял участие* ***МАХМУТ АБДУЛАЗИЗОВ*** - выпускник Ташкентской *Государственной консерватории. Махмут Абдулазизов обладает яркими профессиональными данными, имеет хорошую музыкальную память, его игре присущи: техническая свобода, красивый звук и образность воплощения.*

*По обязательной программе конкурса Махмудом Абдулазизовым были сыграны классические произведения: одно из них «Мефиста вальс» Ференца Листа и произведения авторов страны, которую он представляет. По единогласному решению жюри Махмут Абдулазизов получил Гран при конкурса.*

*Это не первая победа Махмута Абдулазизова , во время своего обучения он принимал участие в нескольких международных музыкальных конкурсах, в двух из них становился Лауреатом первой премии, был удостоен золотой медали, а также на одном конкурсе завоевал Гран - при. После успешного выступления на конкурсе, был приглашен на выступление в Грузию, где был награждён премией «Брависсимо», его участие на IX Международном конкурсе «Гармония», прошедшем в городе Анталия( Турция) в 2019 году также было удостоено премии Гран - при. В мае 2022 года Махмуту Абдулазизову была вручена Государственная премия Республики Узбекистан «Нихол», учрежденная Президентом страны.*

*На заключительном Гала - концерте конкурса «AKDENIZ SOUNDS» Махмуту Абдулазизову под бурные аплодисменты были вручены Сертификат и Кубок победителя конкурса!*

***Поздравляем, Махмута Абдулазизова с победой на конкурсе и желаем ему дальнейших творческих успехов и новых побед на музыкальных конкурсах!***

***Гузяля Хизметова, г. Жаркент( Казахстан)***



## МУХАММАД АБДУЛАЕВ ЧЕМПИОН АЗИИ ПО ВОЛЬНОЙ БОРЬБЕ

В июне месяце 2022 года в Бишкеке прошёл чемпионат Азии по вольной борьбе. Обладателем золотой медали данного чемпионата в весовой категории до 79 кг стал Мухаммад Абдуллаев из села «Восток» Аламединского района Чуйской области. В прошлом году Мухаммад Абдулаев стал бронзовым призёром чемпионата мира среди юниоров до 21 года в весовой категории до 79 кг., Проходивший в августе 2021 в городе Уфе (Башкортостан).

***Поздравляем Мухаммада с победой в этих нелёгких, но захватывающих соревнованиях. Желаем, ему ещё больше уверенности, сил, задора и стремления. Пусть это будет далеко не первой его победой, пусть каждый день приводит его к успеху и славе.***

***Мы очень рады, что есть в нашем Обществе такие славные и талантливые спортсмены, такие как Мухаммад Абдуллаев, которые высоко поднимают имидж Кыргызстана!***

***Председатель Общества уйгуров «Иттипак» Аскар Касымов***



***Недавно, Управление культуры и спорта города Алматы, за высокий уровень творческой деятельности, поддержку талантливых исполнителей и участие в городских культурных мероприятиях танцевальный ансамбль «Долан» удостоен звания «Народный».***

***От имени Общества «Иттипак» поздравляем ансамбль уйгурского танца Долан» с присвоением ему звания «Народный» и желаем коллективу ансамбля новых творческих успехов во имя развития уйгурской культуры и искусства.***

***ОБЩЕСТВО УЙГУРОВ «ИТТИПАК» КР***